# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

18



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-12023-9
定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 18

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

www.uighurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 18:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
（维吾尔民间文学大典）
ISBN 978—7—228—12023—9

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177992 号

策　　划　阿不都热合曼·艾白，艾合买提·伊明
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿布勒孜·阿巴斯 等
封面设计　买买提·诺贝提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5
版　　次　2008 年 11 月第 1 版
印　　次　2008 年 11 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000
定　　价　12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 18


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون : 2827472—0991
پوچتا نومۇرى : 830001
سانقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 5000—1
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12023—9
باھاسى : 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە - ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. باللار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن. نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سىپلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئۆجمە سايىسى ........................ 1
ئەپچىللەم ........................ 13
ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ سۆز ........................ 18
ئەقىللىق بالا ........................ 24
دانىشمەن قىز ........................ 33
ئەقىل سىناش ........................ 37
تەدبىرلىك قىز ........................ 42
ئاياز بوۋاي ........................ 48
پاراسەتلىك قىز ........................ 57
قەلەندەرنىڭ پادىشاھ بولۇشى ........................ 65
زىرەك بىلەن زىرىككەك ........................ 68
پەملىك رەسسام ........................ 75
دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ ........................ 78
ئۈچ ۋەسىيەت ........................ 84
ئانار ........................ 88
ئالتۇنچى بوۋاي ........................ 90
چېچەن كېلىن ........................ 94
ئۈچ ئالتۇن قورچاق ........................ 98
باي بىلەن مەسۇم تاز ........................ 100
دانىشمەن ئانا ........................ 106
چېچەن تاز ........................ 114
ئىككى ئوغرى ........................ 125

ئەقىللىق قىز ............................... 132
سەۋەبىنى تېپىپتۇ ............................. 137
ئامەت ۋە ئاپەت .............................. 140
ئىبرەت ...................................... 147

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئۆجمە سايىسى

بۇرۇن بىر يېزىدا بىر باي بولغانىكەن. بازارغا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە ئۇنىڭ يوغان بىر ھويلىسى، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۆجمە دەرىخى بار ئىكەن. دەرەخنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا، ھويلىغا ۋە ھويلىنىڭ كەڭ شادىلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دېھقانلار ۋە يولۇچىلار ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، شۇ ئۆجمە سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا، باي چىقىپ:

— يوقىلىش، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش ... — دەپ قوغلايدىكەن.

شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يىگىت باينىڭ ئاشۇنداق پەس - پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ، قانداق قىلساق دەردىمىز چىقار، دەپ ئويلاپ - ئويلاپ «كۈلۈپتۇ»، قورساقتا بىر ئىش پۈكۈپتۇ، لېكىن قورسىقىدىكى جۆرىنى چىقارغۇچە، كۈز ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، كەلگەندىمۇ قاتتىق كەپتۇ. «قىش ئۇچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار» دېگەندەك، ئاغىنىلىرى بىلەن مورا ئوچاق ئالدىدا مۇڭداشقۇدەكمۇ ياكى بىرەر دەردىنىڭ سىرىنى ئاچقۇدەكمۇ بولالماپتۇ، ئۇياقتا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ، بۇياقتا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ، جاڭگالدىن توغراق توشۇپ سېتىپتۇ، ئۇۋاقلىرىنى ئەكېلىپ ئوچاقتا يېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئاتا-

ئانىلىرىنى بېقىپتۇ.

قورساقلار تارتىشىپ پەي بولغاندا، سۆگەكلەردە يىلىك تۇ-گەپ نەي بولغاندا ئەتىياز كەپتۇ. باللار چېچەك تېرىشىپ ئوي-ناپتۇ، ئېتىزلاردا مۇڭلۇق ناخشا، تىرىكچىلىك قايناپتۇ، چۇغ-لۇقلار ئېچىلىپ، كاككۇك سايراپتۇ.

ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر تۇگۇنگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئامان تېپىپتۇ، ئاندىن بىر كۇ-نى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ:

بازار يولى يىراق يول،
تومۇزدا باللار يىغلايدۇ.
سايىدە ياتاي دېسەڭ،
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.

بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالىقانچىلىك يەر تۇرماق،
يېتەلمىدۇق سايىغا.

ئەپچىلەم ماڭا - ماڭا قاق چۇشلەر بىلەن ھېرىپ - ئې-چىپ، تەرگە پىشىپ، ھېلىقى باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇلىشا - ئۇلاشمايلا ئىتلىرى قاۋاپتۇ. «ئۇھ !» دەپ ئۇجمە سايىسىگە ئۆ-زىنى تاشلىشىغا باي چىقىپ توۋلاپتۇ:

— ھەي گاداي، ئەمدى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ ئۆت بۇ-ياققا !

— باي ئاكا، بۇ كۆپچىلىك ئۆتىدىغان يول ئۇستىغۇ.

— يول كۆپنىڭ بولغان بىلەن ئۇجمىنىڭ سايىسى مېنىڭ.

— بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋالغانغا ئۇجمىلىرىنىڭ سايىسى

توگەپ قالماس.

— توگەپ قالسا بولامتى ئەمسە؟ ! ئۆجمە تىكىشكىچە بەر-گەندەك گەپ قىلىسەنغۇ ! بىلەمسەن، بۇ ئۆجمىنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىقى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان !

— بۇ گەپچە، مەن پۇلنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپتىمەن - دېدى.

— توغرا، لېكىن پۇلنىڭ سايىسىدە باي ئادەم ئولتۇرىدۇ. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا، سەنمۇ ئولتۇرىسەن.

— پۇلۇم بولسا ئولتۇرامدىم؟

— ھە، ئەلۋەتتە.

— ئۇنداق بولسا، ئۆجمىلىرىنىڭ سايىسىنى ساتاملا؟



— چوڭ سۆزلىمەي، يولۇڭغا ماڭساڭ بولارمىكىن !
— پۇلنىڭ چوڭ سۆزلىتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلمەملا؟
— ......
باي دۇدۇقلاپ قاپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بوپتۇ، قۇلاق-لىرى دىڭ بوپتۇ، ئاخىر تاقەت قىلالماي، تىلى سۆزگە كەپتۇ، سۆزگە كەلگەندىمۇ، ئاۋۋال باھاغا — پۇلغا كەپتۇ. ئەپچىلەم:
— سودا ئىشى ئاسان ئەمەس، سىلىمۇ ئىمام - مەزىن-لەرنى قىچقارسىلا، مەنمۇ بىر - ئىككى ئاغىنەمنى قىچ-قىراي، خەت - مۆھۈر قىلىشايلى ... — دەپتۇ. باي:
— گېپىڭ راست بولسا، سەن توختىمامسەن. ئاۋۋال با-ھاسىنى كېلىشەيلى، ئاندىن ئۇچىدىن بىر نەرسە بەر، قالغان ئىشلار بولسا ئاسان ... — دەپتۇ.
ئۇياققا تارتىشىپ، بۇياققا تارتىشىپ ئاخىر ئۇجمە ساي-سىنىڭ باھاسى تۆت يۈز تەڭگە ئاق كۈمۈشكە توختاپتۇ، ئۇ-چىدىن ئەللىك تەڭگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بايدىن تىلخەت ئېلىپ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرىنى قىچقارغىلى مېڭىپتۇ.
باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، خۇدا ئۇرغان ئەخمەقنى ئەمدى باي ئاكاڭنىڭ ئۇرغىنىنى كۆر ! مۇنداقمۇ ئولجا بولارمۇ... دەپتۇ - دە، قازىغا كىشى يۈگۈرتۈپتۇ، ئارقىدىن: «توختا !» دەپ-تۇ، كۆڭلىدە، بۇنى كىشىلەر تۇيمىسۇن، ئىش بۇزۇلمىسۇن، قازىنى توغرىلاش ئۈچۈن، ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، دەپ، ئۆزى يۈگۈرۈپتۇ.
ئەتىسى بۇلار يىغىلىپتۇ. قازىمۇ باي بىلەن پۈتۈشۈۋې-لىپ، مۆھرىنى يالاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەپچىلەممۇ روزىمەتكە ئوخ-شاش بىر - ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان سۆزلىرىنى دىللىرىغا پۈكۈپ، جايلىۋالغان پۇللىرىنى بەللىد-رىگە تۈگۈپ يېتىپ كەپتۇ.

قازى: «ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان، بىزلەر بولساق شاھىت...» دەپ قەلەمنى قەغەزگە سوۋاشقا باشلاپتۇ. خەتنىڭ بېشىغا: «تەخىيى بىر مىڭ، ئىشكى ئۈچ يۈز، توقۇمى ئون تۆتىنچى ماھى سەپەر قوشنىسىدا، باي غوجامنىڭ هويلىسىدا» دېيىلگەنگە ئوخشاش سۆزلەر، ئاندىن: «مەنكى سەلەي باي هويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ ئۈجمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇنغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن هازارى مەجلىس ئالدىدا تۆت يۈز تەڭگە كۈمۈشكە ساتتىم. تاكى ئۈجمە ئۆزى قىرىپ يوقالغۇچە ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنىڭ ئاغىنە، خىش - ئەقرىبالىرىمۇ ھەرقاچان، ھەرزامان بىمالال پايدىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا پىقىر ۋە مىنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي» دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ئاخىرىغا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھ - شاھىتلار قول قويۇپتۇ. قازى:

— مۇبارەك بولسۇن، ئەپچىلاخۇن! سىلىدەك ماكانسىز بىر ئادەمنىڭ باي غوجامنىڭ ئىشكى ئالدىدا مۇنچىلىك مۇلۈككە ئىگە بولغانلىرى خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى. سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۈجمىنىڭ سايىسى ئەمەس، باي غوجامنىڭ سايىسى چۈشتى ... — دەپ مۆھۈر ھەققى ئىلىپ قويىنىغا سېپتۇ. ئىمام ۋە مەزىن ئاخۇنۇممۇ قۇرۇق قالماپتۇ، ئۇلار باي غوجامدىن قاندىلىك مۆھۈر ھەققى ئالدى، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس، ئىشقىلىپ، توختام «پۈتۈپتۇ»، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.

ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپتۇ. ئەپچىلەم بازارغا باراردا ۋە ياناردا ھېلىقى ئۈجمىنىڭ سايىسىگە كىلىپ بەخىرامان ئېغىنايدىغان، سايىدە راۋاب چېلىپ ئوينايدىغان، ئاغىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ناخشا تۇۋلايدىغان بوپتۇ. باي چىقىپ:

— نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەپچىلەم:

— ئۇجمە سايىسى ئاكاڭ قارىغايىنىڭ، ياغىچى باي غو-جامىنىڭ، — دەپ پەرۋا قىلماي جاۋاب بېرىپتۇ. باي، پىياز-نىڭ پوستى كۆپ، ئەخمەقنىڭ دوستى دېگەندەك، بۇ كاساپەت-نىڭ دوستى ئىتنىڭ قۇرتىدەك كۆپ ئىكەن، دەپ ھېچكىمنى قوغلىيالماپتۇ، ساقىلىنى چىشلەپ ئۇخلىيالماپتۇ.

ئارىدا باي پالتىسىنى ئاچچىقىپ ئۇجمىنى كېسىپ تاشلى-ماقچى بوپتۇ، ئاچچىقىغا پايلىيالماي ئۇرۇلغان پالتا ئىزىدىن كەمتۇك بولۇپ قالغان سايىنى تۆلەپ بېرىشكە تاس - تاس قاپتۇ. باي تېخىمۇ زەردىگۆش بولۇپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ.

بىر كۈنى باي ئايۋاندا سېسىق كېكىرىپ سوزۇلۇپ ياتسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. باي:

— ۋاي، نېمە گەپ؟ — دېسە، ئەپچىلەم:

— تەقسىر، سايىمىز ھويلىغا كىرىۋاپتۇ، شۇنى ئىستەپ كىردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېشەكلىرىنى سايىگە قو-زۇق قېقىپ باغلاپ، چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ... باي: «ھىم» دەپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۇ-دەك بوپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنلىرى ئوسما قويۇشۇپ ئولتۇرسا، باينىڭ باللىرى ھويلىغا يىغلاپ كىرىشىپ كەپتۇ. ئاغىچا-خېنىملار سۈپىلارغا يۆتلىشىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ، چىقىپ شۇنداق قارىسا، باللىرى يۈزلىرىنى تاتىلاپ، يەردە يېتىپ ئې-غىناپ، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاۋاتقۇدەك.

— ۋاي ئالتۇن قوزىلىرىم، نېمە بولدى، كىم ئۇردى؟ — دەپ سوراپتۇ خېنىملار. باللار يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— ئۇجمە سايىسىدە ياتقان ئېشەكچىلەر: «سايىگە يېقىن كېلىشمە، ھارىملار !» دېدى، ھى... ھى ! ئۇجمىگە چىقىمىز

دېسەك، «سايە يوق يەردىن چىقىش» دېدى، ھى... ھى! دادام قېنى؟ ھى... ھى!

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان گادايلار... ئەمدى تۈگىدۇق! ھەممە گۇناھ تويماس يوھا شۇنىڭدا... پۇل دېسە بىزنىمۇ سې-تىۋېتىشتىن يانمايدۇ. يىغلىماڭلار، ئوبدان باللىرىم، خەپ! داداڭلار كەلسۇنچۇ، نى ئات، نى نومۇس...

تالادا راۋابنىڭ ئاۋازى ھويلىدىكى ۋاڭ - چۇڭنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تازا قىزىپتۇ ۋە بىر كەمدىن كېيىن پەسىيىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى باي ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ كەپتۇ، ئۆلگۈدەك ھېرىپ يىقىلاي دەپتۇ، ئۆزى تەرگە چۈمۈلۈپ، يۈزلىرى ئې-سىلىپ، كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ، خىرىلداپ قاپتۇ. باينىڭ كەلگەن ۋاقتىدا ئۈجمىنىڭ سايىسى قاق دەرۋازىغا چۈشكەن چېغىكەن، باي دەرۋازىدىكى سايىگە ئېتىنى دېۋەتىپ شۇنداق كېلىشىگە، ئەپچىلەم:



— توختىسىلا، باي ئاكا، پۇل كىمنىڭ بولسا، سايىسىدىن شۇ ئۆزىلا ئۆتىدۇ... — دەپتۇ. باي ئاران زۇۋانغا كەلسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتالماي قاپتۇ. باي ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىقسا، يولۇچىلار يىغىلىپ زاڭلىقا قېلىشتىن قورققانمۇ:

— ئەمىسە، مەن ئۆز پۇلۇمنىڭ سايىسىدىن ئۆتىمەن، قانچە ئالىسەن؟ تېز گەپ قىل ! — دەپتۇ.

ئاڭغىچە بازاردىن قايتقانلار بۇ ئارىغا يېقىنلاپ قاپتۇ. ئەپچىلەم:

— ئەللىك تەڭگە، — دەپتۇ.

باي يولدا كېلىۋاتقان خەقلەرنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى سېزىپ:

— ئەللىك تەڭگىنى هازىر ئاچىقىپ بېرىمەن، — دەپ ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، چوڭچىلىق بىلەن هويلىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. ئەپچىلەمنىڭ مۆهۆر ھەققىگە كەتكەن پۇلى چىقىپتۇ.

ئەمما، باي بۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇنداق چوڭ چىقىملارنى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ۋە ئائىلە جەمەتلىرىنىڭ بىمالال ئۆتىۋېرىشى ئۈچۈن يەنە ئەللىك تەڭگە بېرىپ، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىنى ئاران ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ. «ئەقىللىق» باينىڭ ئېسىگە «ئەخمەقلەر»نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى بارلىقى كەلمەپتۇ.

بىر بازار كۈنى باي شەھەرلىك ئەل - ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ... مېهمانلار داستىخاننى شادلىق ئايۋانغا — كوچىدىكى يوغان ئۈجمىنىڭ سايىسى چۈشكەن سۇپىغا يۆتكەپ، تېخى ئەمدىلا ياسىن پولۇنىڭ ئۈستىگە دۇم چۈشەي دەپ تۇرغاندا، بىرنەچچە كىشى ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ، چورۇقلىرىنى سۆرىشىپ كىرىپ كەپتۇ... ئەپچىلەم ۋە روزىمەتلەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ نىمىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن باي سۇپىدىكى سايىگە قاراپ قېتىپ قاپتۇ، ئاسمانغا قاراپ ئالىيىپتۇ. بۇغدايلىقلىرى لىپىلداپ قاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن مېھمان بايلاردىن بىرى بۇ كەلگەنلەر باينىڭ مالايلىرى بولسا كېرەك، دەپ:

— قېنى، سەلىياخۇن، ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىر نەرسە دېمەملا، ئىشەكلىرىنى نېرى تارتىشسۇن ! تۈگىتەلمەيدىغان قەرزلىرى بارمىتىيا؟ ! — دەپتۇ. باي بىر چۆرگىلىگەندەك بولۇپ ئىسىگە كەپتۇ ۋە ئەپچىلەمگە:

— خۇدا ھەققى، ھەر ئىش بولسا كېيىن سۆزلىشەيلى، قېنى سىلەرمۇ مېھمان، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ داستىخان سالسۇن ... — دەپتۇ. روزىمەتلەر:

— باي ئاكاملارنى نەدە مېھمان قىلسىلا قىلسىلا. بىز سىلىدىن داستىخان سېتىۋالمىدۇق ... — دەپتۇ ۋە ئېشەك-لىرىنى سايە چۈشكەن شادىلارغا باغلاپتۇ، چاپان - چورۇقلى-رىنى سۇپىنىڭ سايە چۈشكەن يەرلىرىگە تاشلاپتۇ. مېھمان بايلار:

— ئاش ھارام بولدى ... — دېيىشىپ نېرى قېچىپتۇ... ئەپچىلەم:

— ئاش ھارام بولسىغۇ چاغلىق گەپ، لېكىن بىزنىڭ تۆت يۈز تەڭگىلىك سايىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ «ئاستىدا» قې-لىپ ھارام بولغىنى يامان بولدى، — دەپ سىرنى ئېچىپ تاشلاپتۇ.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەپچىلەملەر بوش كەلمەپ-تۇ... مېھمانلار ئىچىدە: «ھە، بىزگە چوڭ سۆزلەيدىغان سە-لەيباي، كارامىتىڭ ئاشكارا بولدىمۇ؟» دەپتۇ، ئۆچىنى ئالغان-دەك قىلىپ، بايغا بولۇشقىلىمۇ پېتىنالماپتۇ، بىر - بىرلەپ

شەھەرگە قاراپ قوْيروْقىنى تىكىپتوْ. بايىنىڭ گەجگىسى تار-تىشىپ، ئوْيىگە كىرىپ يىقىلىپتوْ...

ئەپچىلەملەر سايىدە بىردەم هاردوْقلىرىنى ئېلىشىپ، يېزىلىرىغا كېتىپتوْ.

بوْ ۋەقە ئەمدى شەھەرگە يېتىپتوْ، قوْلاقتىن قوْلاققا تاراپ كېتىپتوْ. ئوْنىڭ ئوْستىگە، ئەپچىلەملەر شوْ بازار كوْنى موْھوْر خەتنى كوْچوْرتوْپ، بازاردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغانىكەن، شوْنىڭ بىلەن بوْ ئىش خەلقئالەمگە پوْر كېتىپتوْ.

ئەمدى باي ئوْيدىن هېچ يەرگە بارالماي ماراپ يېتىپتوْ. ئوْتكەن ــ كەچكەنلەرنىڭ:

چېقىر ئوْجمە سايىسىنى
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
هويلىسىدىن چىقالماي،
چاشقان بولوْپ ياتقان باي.

دېگەن ناخشىسىدىن تويوْپتوْ. شوْنداق بولسىموْ، كوْنلەر ئاستا ــ ئاستا ئوْتوْپ، «گادايلار» بىرئاز جىمىققاندەك توْيوْلوْپتوْ.

بىر كوْنى كېچىدە باي ئوْلگەندەك ئوْخلاۋاتسا، ئوْگزىدە گوْپوْر ــ گوْپوْر ئاۋازلار، بىردەمدىن كېيىن ناخشا، راۋابلارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپتوْ. باي مەڭدەپ هويلىغا چىقسا، ئىتى بىرنەرسىنى غاجاپ ياتقان، بايغا قاراپموْ قويماپتوْ، ئوْيگە كىرسە، خوتوْنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام بەرمەپتوْ. باي شوْتىغا يامىشىپ چىقىپ قارىسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتوْرغوْدەك. ئوْلار سوْتتەك ئايدىڭدا ئوْگزىنى بېشىغا كىيىپتوْ. باي شوتىدىن يىقىلغىلى تاس قاپتوْ ۋە ئوْزىنى ئاران توْتوْپ توۋلاپتوْ. ئەپچىلەم:

www.uyghurkitap.com

— بىز ئۆزىمىز سېتىۋالغان سايىدە ئولتۇردۇق، باشقا كىشىلەر يوق، كىرىپ ئۇخلاۋەرسىلە، تەقسىر — دېگىنىدە باي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مەن ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان — دەپ كاركىراپتۇ. ئەپچىلەم:

— چۈشەكەپلا، تەقسىر، ئۆيلىرىگە كىرىپ مۆھۈرخەتكە قاراپ باقسىلا، «بىمالال»، «ھەرقاچان – ھەرزامان» دېگەن يەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇسىلا، — دەپتۇ. راۋاب بىلەن ناخشا يەنە قايناپتۇ.

باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ. لېكىن، خوتۇنلىرى تاپا – تەنە بىلەن بېشىنى ئوچاق ئېتىپ، ئويلىغىلى قويماپتۇ، شۇنداق – تىمۇ يەنە ئويلاپ «ئەقىل» تېپىپتۇ، ئۆگزىگە يەنە چىقىپتۇ:



— ئەمسە، ئۈجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئۆزۈمگە سېتىپ بەرسەڭلار... — دەپتۇ باي. ئۇ لولىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۈجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى مىڭ بالالىقتا ئۈچ يۈز ئەللىك تەڭگە كۈمۈشكە سېتىۋاپتۇ. لېكىن، ئەمدى ئۆزى تېخىمۇ «ئوي»غا قاپتۇ. تالاغا چىقسا، يۇرت - جامائەت، رەقىبلىرىنىڭ دەردى، ئۆيگە كىرسە، بالا - چاقا، رەپىقىلىرىنىڭ دەردى، مازاق - مەسخىرە، بىھۇدە چىقىم... باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «گادايلار»نىڭ بۈگۈن كېچە بېشىغا چىقىۋالغانلىقى، ئۈجمىسىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا پۇل تۆلىگەنلىكى باينىڭ يۈرەك - باغرىنى خۇن قىلىۋېتىپتۇ.

«دەرەخنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسى تالاغا تارقالسا، يەنە نېمە گەپلەر بولۇپ كېتەر». بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن باي ئۇزاققا قالماي يۈك - تاقلىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۈجمىنىڭ سايىسى خەلققە قاپتۇ. ئەپچىلەملەر بايدىن دەردىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەپچىلەم

بۈرۈن بىر كىشىنىڭ بىر ئوغلى بولغانىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى قازا قىلىپ، بۇ بالا ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قاپتۇ. ئىددىتى توشا ـ توشماي ئۆگەي ئانىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بىر قارا كۆڭۈل ئادەم بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ھېلىقى ئادەم بۇلارنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بالا يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ.

— بۇ ئۆگەي بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئېرىڭدىن قالغان بايلىق بىزگە ئوڭچە قالسا ! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

شۇنىڭ بىلەن بۇلار «مازارغوجام»غا چىقىپ بالىنى قارغاپ ئۆلتۈرۈشكە كېلىشىپتۇ. ئاندىن خوتۇن:

— ئەمىسە، ئەتە قارغاپ، قارغىش تۇتقاندىن كېيىن خەۋەر بېرەي، — دەپتۇ.

ئۇخلىغان بولۇپ ياتقان بالا بۇ گەپلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئاڭلىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئۆگەي ئانا «مازارغوجام»غا چىقماقچى بوپتۇ ـ دە:

— بالام، مەن تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، سىز ئۆيدىن باشقا يەرگە چىقماڭ، — دەپ جېكىلەپتۇ.

— ماقۇل، ئانا، — دەپتۇ بالا چاندۇرماي ۋە ئۆگەي ئانىسى

چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇللاپ «مازارغوجام»غا چىقىپ بىر شام گۆرگە كىرىپ يېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۆگەي ئانا چىقىپ:

— مازارغوجام! مازارغوجام! بىر شۇم پېشانە بالام بار، ئۆلتۈرۈپ بەرسىلە! — دەپ بالىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشكە باشلاپتۇ. شام گۆردە بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان بالا ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ:

— هوي قېرى، — دەپتىكەن، ئۆگەي ئانا:

— خوش، مازارغوجام، — دەپتۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— ئاق قويۇڭ بارمۇ، قېرى؟ — دەپتۇ بالا.

— بار، مازارغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا جاۋاب بېرىپ. بالا:

— ئاق قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى ئاقىرىدۇ. بوز قويۇڭ بارمۇ، قېرى؟ — دەپتۇ.

— بار، مازارغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ.

— بوز قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى بوزىرىدۇ. قارا قويۇڭ بارمۇ، قېرى؟ — دەپتۇ بالا يەنە.

— بار، مازارغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا خۇشال بولۇپ.

— قارا قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى قارىغۇ بولىدۇ، قارىغۇ بولغاندىن كېيىن ئۆلگىنى شۇ، — دەپتۇ بالا گەپنى تۈگىتىپ. ئۆگەي ئانىنىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ:

— ئوبدان، مازارغوجام، ئوبدان! — دەپ قايتا - قايتا دۇئا قىلىپ، ئاندىن يېنىپ كېتىپتۇ.

بالا ئۆگەي ئانىسى كېلىپ بولغۇچە ئۆيگە كېلىۋېلىپ بەخىرامان ئولتۇرۇپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، يالغان مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ:



— بالىكام، گۆشسىرەپ قالغانسىز، ئاق قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ئانا، — دەپتۇ بالا چاندۇرماي.

ئۆگەي ئانا ئاق قوينى ئۆلتۈرۈپ، ھەر كۈنى قازانغا گۆش سېلىپ، ئۆزى يېمەي بالىغا يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. گۆش تۈگەي دېگەندە، بالا:

— ئالەم ئاپئاق كۆرۈنىدىغۇ، ئانا؟ — دېگەنىكەن، ئۆگەي ئانا خۇشال بولۇپ:

— سىزگە گۆش يېقىپتۇ. ئەمدى بوز قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەيمۇ، بالام؟ — دەپتۇ.

— ماقۇل ، ئانا، — دەپتۇ بالا يەنە.

ئۆگەي ئانا ئەمدى بوز قوينى ئۆلتۈرۈپ بالىغا يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. بوز قوينىڭ گۆشىمۇ تۈگەي دېگەندە، بالا:

— ھە، ئانا، ئالەم بوز رەڭ كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆگەي ئانا ئىچىدە، ھە، راستتىن قارىغۇ بولىدىغان بولدى، دەپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە ئالدىراپ:

— ھەيتاڭ، بالام، ماڭىغۇ ھېچقانداق كۆرۈنمەيدۇ. ئەمدى قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەيمىكىن؟ سوغۇقنىڭىز ئېشىپ كەتكەن بولسا ئوڭلىنارسىز، غوجام، — دەپتۇ. بالا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانا قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ: «ھە، بالام، يەڭ» دەپ تازا يېگۈزۈپتۇ. ئاخىر گۆشمۇ تۈگەپتۇ. بالا ئەمدى ئۇيان - بۇيان قارىغان بولۇپ:



www.uyghurkitap.com

— ئانا، ئالەم قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتىغۇ؟ — دەپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۆگەي ئانا، ھە، مانا ئەمدى قارىغۇ بولدى، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بالىغا:

— مەن تۇغقانلارنىڭكىگە بىرىپ سىزگە شىپالىق تىپىپ كىلەي. سىز دەرۋازىنى مەھكەم ئىتىپ، ئۆينى ساقلاپ ئولتۇرۇڭ، غوجام، — دەپتۇ ۋە ھىلىقى پۇتۇشۇپ قويغان ئادەمنىڭكىگە خەۋەر قىلغىلى مىڭىپتۇ.

بالا ئۆگەي ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كىيىن دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، ھويلىنى كولاپ، ئۆيدىكى ئالتۇن ـ كۇمۇش، يوتقان ـ كۆرپە، ساندۇق ـ پاندۇق، چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ كۆمۇپ، ئۇستىگە ئوت ـ چۆپلەرنى يىيىپ، قوتاندىكى ئون ـ يىگىرمە كالا، قوينى چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۆگەي ئانا ھىلىقى ئادەمنى باشلاپ كەپتۇ ـ دە، ھويلىنى كۆرۇپ ۋارقىراپ بوغۇلۇپ كىتىپتۇ. شۇ چاغدا، بالا:

— ئانا، ئاۋۋال ئۆيگە قارىڭا، نەرسە ـ كىرەكلەر جايىدا تۇرۇپتىمۇ؟ باياتىن بىر قانچە ئادەم ئۆيگە بىسىپ كىرىپ نەرسە ـ كىرەكلەرنى بۇلاشتى، ھويلىدا كالىلار مۆرىشىپ، قويلار مەرىشىپ كىتىشتى. كوچىدىكى بالىلارنىڭ ئىيتىشىچە، ئوغرىلار كالا، قويلارنى ھويلىغا قويۇۋىتىپتۇ. مەن بالىلارغا يالۋۇرۇپ يۇرۇپ، ماللارغا ئوت ـ چۆپ سالغۇزۇپ بەردىم، — دەپ يىغلىغان بوپتۇ. ئۆگەي ئانا جان ـ جەھلى بىلەن چالۋاقاپ، بالىنى: «ئاقچى قارىغۇ، كۆكچى قارىغۇ» دەپ تازا تىللىغاندىن كىيىن:

— ئۆيدىكى بار ـ يوقنى ئوغرىغا بەرگەندىن كىيىن، سەنمۇ قۇرۇق ئۆيدە جىنىڭنى جان ئەت! مەنمۇ كالا، قويلارنى ئىلىپ بىر يەرگە بىرىپ جىنىمنى جان ئىتىمەن، — دەپ ماللارنى ھەيدەپ ماڭماقچى بوپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بالا يالۋۇرغان

بولۇپ، ئۆمىلەپ بېرىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— ھەممىنى ئېلىپ كەتسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن، ئانا؟ ئۆيدە ھېچ نەرسە بولمىسا، مېنى كىم باقىدۇ؟ ئۆي، مې-نى تاشلاپ كەتمەك! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە ماللارنى ھەيدىۋات-قان ھېلىقى ئادەمنى نىشانلاپ گويا كالىنى ئۇرغاندەك «ھوش» دېگىنىچە، قولىدىكى تاياقنى بىر ئاتقانىكەن، تاياق ئۇنىڭ چېكىسىگە قاتتىق تېگىپ موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئادەم پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— تېگىنى بولسىمۇ بېرىپ قۇتۇلايلى بۇ قارىغۇدىن، — دەپ خوتۇنغا پىچىرلاپتۇ. ئۆگەي ئانا ئىلاجسىز:

— ئەمىسە، يېرىمى ساڭا قالسۇن، يېرىمىنى مەن ئېلىپ كېتەي، — دەپتۇ. بالا يەنە يىغلىغان بولۇپ:

— ماقۇل، ئانا، كەتكۈڭىز بولسا، مەندە نېمە چارە؟ بىر قوينى بەرسەم، بىرەر ياخشى كىشى مېنى بىر ئاي باقار. بىر كالىنى بەرسەم، بىر مەزگىل باقار. بىر ئامال قىلىپ جې-نىمنى جان ئېتەرمەن. بىر خالىس ئادەمنى چاقىرىپ ئايرىۋې-لىڭ، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆگەي ئانا ئۇنىبىشى، يۈز-بېشىلەرنى شاھىت قىلىپ: «مانا دادىسىدىن قالغان ئۆيۋاقى، بارى - يوقىنى ئۆزى ئوغرىغا بەردى. مانا ئالىدىغان قوي، كالىسى. مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن...» دەپ ماللارنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ قارىغۇ يەنە بېرىۋال-مىسۇن، دەپ، ھېلىقى ئادەم بىلەن باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالا كۆمۈپ قويغان مال - دۇنيالىرىنى ئېچىپ، ئۆيلىرىنى جابدۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇنغا بالا بولۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بۇ ئەپچىل چارىنى ئاڭلىغان ئەھلىمەھەللە بالىنىڭ ئەق-لىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئەپچىلەم» دەپ نام قويۇشۇپتۇ.

# ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ سۆز

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر يال-غۇز ئوغلى بار ئىكەن. دادىسى ئوغلىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئوغلۇم مېنىڭدىن كېيىن قالغاندا بىر كىمگە خار بولمىسۇن، بىر ھۇنەر ئۆگىتىپ قوياي، دەپ ئويلاپ، ئوغ-لىغا مەسلىھەت سايتۇ.

— سودىگەرچىلىك قىلسام، — دەپتۇ ئوغلى.

دادىسى ئوغلىنى شۇ يۇرتتىكى سودىگەرلەرگە قوشۇپ، مىڭ تىللا بىلەن يولغا سالپتۇ.

ھېلىقى بالا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ئۆتەڭگە كەپتۇ. بۇ ئۆتەڭدە بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرغانىكەن، ئۇ بالىدىن:

— ئوغلۇم، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتام بەرگەن مىڭ تىللا بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتقا كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — مېنىڭ بىر ھېكمەت-لىك سۆزۈم بار، مىڭ تىللاغا ساتىمەن، شۇنى ئالغىن، مال - دۇنيا تېپىلىدۇ.

بالا مۇشۇ بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېلىپ ئەقلىم-نى ئاشۇراي، دەپ ئويلاپ مىڭ تىللانى بېرىپتۇ. بوۋاي مىڭ

تىللانى ئېلىپ:

— بالام، بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي، — دېدى. بالا بۇ سۆزنى ئېلىپ، سودىگەرلەردىن ئايرىلىپ: «مېنىڭ سوئالىم تامام بولدى» دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بالا شەھەرگە يېقىن كەلـ-گەندە، دادىسى بالىسى ھەققىدە «ناھايىتى نۇرغۇن مال ئېلىپ كېلىۋاتقۇدەكمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپتۇ. بۇ بالىنىڭ نىمە ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن چىققان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. بالىسىنىڭ قۇرۇق قول كەلگەنلىـ-كىنى كۆرگەن دادىسى گەپ قىلماي قايتىپ كېتىپتۇ. باشـ-قىلار: «مېلى ئارقىدا كېلىۋاتقۇدەك» دېيىشىپ كىرىپ كېـ-تىپتۇ. دادىسى بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بالىسىنىڭ نىمە ئەكەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا ھېلىقى مىڭ تىللاغا ئالـ-غان سۆزنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ شۇنچە پۇلنى ئورۇنسىز يوقىتىپ قويغانلىقىغا ئېچىنىپ، قانداق قىلسام بولار، دەپ ئويلاپتۇ - دە، يەنە مىڭ تىللا بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم سودىگەرچىلىككە ماڭدۇرۇپتۇ.

بالا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى بوۋاي تۇرغان يەرگە كەپتۇ. بوۋاي بالىغا:

— بالام، ياخشى كەپسەن، يەنە بىر سۆزۈم بار، مىڭ تىللا بەرسەڭ، بۇ سۆزنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بالا:

— ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسىلا ئالىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي:

— بالام، ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، — دەپتۇ.

بالا بوۋاينىڭ بۇ سۆزىگىمۇ مىڭ تىللا بېرىپ، يۇرتىغا قايتىپتۇ ۋە دادىسىغا مىڭ تىللاغا يەنە بىر سۆز سېتىۋالغانـ-لىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى ناھايىتى خاپا بوپتۇ، ئىچىدە، بوۋـ-



www.uyghurkitap.com



تۇ، مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن، يەنە بىر مەر-
تەم ئەۋەتىپ كۆرەي، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلسا، ئاندىن ھەي-
دىۋېتەي، دەپ ئويلاپتۇ. يەنە مىڭ تىللا بېرىپ ئۈچىنچى قې-
تىم يولغا سالپتۇ. بۇ قېتىممۇ بالا يەنە ھېلىقى بوۋايغا يولۇ-
قۇپتۇ. بوۋاي:

— بالام، يەنە بىر سۆزۈم بار، مىڭ تىللا بەرسەڭ دەپ
بېرىمەن، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسا ئالىمەن، —
دەپتۇ بالا.

— بالام، قورقماس ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلال-
مايدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

بالا بۇ سۆزنىمۇ مىڭ تىللاغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ قېشىغا
كەپتۇ. دادىسى بۇ قېتىممۇ بالىسىنىڭ يەنە مىڭ تىللاغا بىر
ئېغىز سۆزنى سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان غە-
زىپى ئۆرلەپ:

— خوتۇنۇڭ بىلەن نىمە قىلساڭ قىل، سەندەك بالام يوق! — دەپ ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بالا نىمە قىلىشىنى بىلمەي، خوتۇنى بىلەن بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بۇرۇن بىللە سەپەرگە چىققان سودىگەرلەر ئۇچراپتۇ. سودىگەرلەر بالىدىن نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ: «بىزنىڭ سەپىرىمىز ئون سەككىز يىللىق سەپەر، بىز بىلەن بىللە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ، ئاغىچە دادىڭىزنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالار» دەپتۇ.

بالا خوتۇنىغا ئون سەككىز يىللىق خىراجەت بېرىپ، سودىگەرلەر بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ.

ئۇلار بىر ئايدەك يول مېڭىپ، بىر قۇملۇق چۆلگە كەپ-تۇ. بۇ چۆلدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ھەم يەنە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان نۇرغۇن كارۋانلارنى ئۇچ-رىتىپتۇ. ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، بۇ يەردە بىر قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇرۇپ - تۇرۇپلا سۇ چىقماس بولۇپ قالى-دىكەن. كارۋانلار بۇنداق چاغلاردا بىر كىشىنى قۇدۇققا سالى-دىكەن، ئەگەر ئۇ كىشى چىقسا، سۇ چىقىدىكەن، بولمىسا، سۇ چىقمايدىكەن. بۇ قۇدۇقتىن ئۆتسە، ئون كۈندە ئاندىن سۇ بار يەرگە بارىدىكەن. بۇ يەردىن سۇ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇق ئې-لىپ ماڭمىسا، ھەممە يولۇچىلار قىرىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ قۇدۇققا نۇرغۇن كىشىلەر چۈشكەن بولسىمۇ، سۇ تۇرماق، ئا-دەملەرمۇ قايتىپ چىقماپتۇ.

بالىنىڭ يادىغا بوۋايدىن مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان: «قورقماس ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن سۆز كەپتۇ - دە، بىللە كەلگەن سودىگەرلەرگە:

— ئۆلسەم، بالا ـ چاقامغا قاراپ قويارسىلەر، ئەگەر ئۆلمىسەم، يولۇچىلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دەپ قۇدۇققا چۈشمەكچى بوپتۇ. سودىگەرلەر:

— ئەگەر سىز مۇشۇ يەردىن سۇ ئېلىپ چىقسىڭىز، سىزگە كۆپ نەرسە ئىنئام قىلىمىز، — دەپتۇ.

بالا قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. قارىسا، قۇدۇقتا ئىككى دىۋە ئولتۇرغۇدەك، بىرىنىڭ يېنىدا پاقىدەك سەت بىر قىز، يەنە بىرىنىڭ يېنىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن. بالا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام بېرىپتۇ. دىۋىلەر بالىنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىپ:

— نېمە ئۇچۇن چۈشتۈڭ؟ مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— بىز يول ئۈستىدىكى كارۋانلار ئىدۇق، ئادەملەر ئۇسسۇزلۇقتا قالدى، شۇلارغا سۇ ئالغىلى چۈشتۇم، شۇ كىشىلەرگە رەھىم قىلىپ سۇ بەرسەڭلار، — دەپتۇ بالا. دىۋىلەر:

— بىر سوئالىمىز بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭ، سۇ بېرىمىز، بولمىسا، ئۆزۈڭمۇ قايتىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، — دەپتۇ.

— سوراڭلار، بىلىشىمچە جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ بالا.

— ماۋۇ پاقا قىز چىرايلىقمۇ ياكى ماۋۇ قىز چىرايلىقمۇ؟ — دەپتۇ دىۋىلەر.

بالا بىردەم ئويلىنىپتۇ، دەرھال ھېلىقى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان سۆز يادىغا كەپتۇ ـ دە:

— ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، — دەپتۇ.

ئىككىلا دىۋە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، سۇ ئېلىشقا رۇخسەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۇغا چۈشكەنلەر چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ: «مۇشۇ قىز چىرايلىق» دەيدىكەن، پاقى-

دەك سەت قىزنى ياخشى كۆرىدىغان دىۋە بولسا، سىر بېرىش تۈگۈل، ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن.

بالا كارۋانلارنىڭ بەرگەن ئىنئاملىرى بىلەن كاتتا بىر سودىگەر بولۇپ قاپتۇ، كۆپ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ئۇنى سەككىز يىلدىن كېيىن بارانىغا يەتكەن ئەر بولۇپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، يېرىم كېچىدە خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر يىگىت خوتۇنىنىڭ يېنىدا ياتقان. ئۇنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ، قىلىچىنى غىلىپىدىن ئېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولۇپ تەمشىلىپتۇ ـ دە، دەرھال بوۋاينىڭ: «بوگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دېگەن سۆزى يادىغا چۈشۈپتۇ، ئاچچىقىدىن يېنىپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى خوتۇنىغا دەپتۇ:

— مەن ئون سەككىز يىلدىن بۇيان نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ كەلسەم، سەن بىر يىگىت بىلەن ياتقىنىڭ نېمىسى؟ ئەمدى سېنى نېمە قىلاي، ئۆزۈڭ سۆزلە.

— سىز بار ۋاقتتا بويۇمدا قالمىغانمۇ؟ سىز كېتىپ تۇغدۇم، ھازىر بۇ بالا ئون سەككىز ياشقا كىردى، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى، — دەپتۇ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى بىلىپ خوتۇنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# ئەقىللىق بالا

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن ھېيتگاھتىن قايتقان شاھ يول ئۈستىدە لاي بىلەن سېپىل ۋە شەھەرچاق ياساپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان شاھنى ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنى كۆر- گەن بالىلار ئالدىراپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلار- نىڭ ئارىسىدىكى نۇسرەت دېگەن بىر بالا دوستلىرىغا قاراپ:

— بالىلار، ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، شاھ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — دەپ، بالىلارنىڭ كېتىشىگە يول قويماپتۇ. دەل شۇ چاغدا شاھنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرى كېلىپ:

— يولنى بىكار قىلىش! شاھنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆ- رۈشمەيۋاتامسەن؟ تېزدىن يوقىلىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ياساۋۇلنىڭ ۋارقىرىشىدىن قورققان بالىلار سەكرەپ ئورۇن- لىرىدىن تۇرۇشۇپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، نۇسرەت ياساۋۇل- نىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، دۇنيادا ئۆتكەن شاھلار قانچىلىك سەلتەنەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىغا قارىماي، شەھەرنىڭ سې- پىلىنى ئايلىنىپ ئۆتكەن، تارىختا شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ ماڭغان شاھ ئۆتكىنى يوق. بىزنىڭ شاھىمىزمۇ مالال كۆرمەي، شەھىرىمىزنىڭ سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشى كېرەك! — دەپتۇ.

— تولا گەپدانلىق قىلماي يوقال! — دەپ تىخىمۇ قاتـ-
تىقراق ۋارقىراپتۇ ھېلىقى ياساۋۇل.

بۇ چاغدا شاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، نىمە ئۈچۈندۇر ئىككى-
لىكىنى سوراپتۇ. ياساۋۇل بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى شاھقا مە-
لۇم قىپتۇ. شاھ بالىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بى-
لىپتۇ ۋە بالىنىڭ ئەقىللىق ۋە جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىچىدە
ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئىسمىنى سوراپتۇ.

— ئىسمىم نۇسرەت، ئىسلام باپكار دېگەن كىشىنىڭ يالغۇز
ئوغلىمەن، شاھ ئالىيلىرى شەھەرچىمىزنى بۇزۇپ ماڭسىلا، مەن
بۇنىڭغا يول قويمايمەن! — دەپ تېخىمۇ دادىلراق جاۋاب بېرىپـ-
تۇ نۇسرەت.

شاھ نۇسرەتنىڭ جاۋابىغا كۈلۈپ قويۇپتۇ ـ دە، باللار يا-
سىغان شەھەرچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ، نۇسرەت ئون بەش ـ ئون
ئالتە ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆز دوستلىرى بىلەن
مەسلىھەت قىلىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىن بىر بوش ئورۇننى
تاللاپ، شەھەر سالماقچى بوپتۇ. ئۇلار كېسەك قۇيۇپ، ياغاچ تو-
شۇپ، چوڭ بىر ئىمارەت ساپتۇ.

— ئاغىنىلەر، بىزنىڭ دەسلەپكى ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق تۈ-
گىدى. ئەمدى بىز ئۆزىمىزگە بىر پادىشاھ سايلايلى، باشقا
ئىشلارنى شاھىمىز ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا سالار، — دېيىـ-
شىپتۇ ئۇلار.

باللار نۇسرەتنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. نۇسرەت شاھ
بولغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈم، ئەمر ـ
پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئىش بېجىرگۈچىلەرنى تەيىنلەپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، بىز ئۆز ئىشىمىزنى ئادالەت ۋە سائادەتـ-
تىن باشلايمىز، خەلققە ئادىل خىزمەت قىلىمىز... ياساۋۇللار

ئەتىدىن باشلاپ شەھەرگە چىقىڭلار، خەلقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە، دەرد ـ ھەسرىتىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ بالا پادىشاھنىڭ «ياساۋۇللىرى» شەھەر كوچىسىغا چىقىپ، خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرسە، ئىككى ئادەم جاڭجاللىشىپ، بىر ـ بىرىگە: «سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ!» دېيىشىپ بىر تۆگە بوتىلىقىنى ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ يۈرگۈدەك. بالا ياساۋۇللار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى:

— بۇ بوتىلاق مېنىڭ تۆگەمنىڭ بالىسى ئىدى، مۇنۇ ئادەم مېنىڭ بوتىلىقىم، دەپ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، يەنە بىر كىشى بوتىلاقتا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ياق، ياق! ... بۇ مېنىڭ بوتىلىقىم ئىدى، بۇ ئادەم مۇتتەھەملىك قىلىپ «مېنىڭ» دەپ ئېسىلىۋالدى، — دەپتۇ ـ دە، بوتىلاقنى سۆرەپتۇ.

— توختاڭلار! — دەپتۇ كىچىك ياساۋۇللار، — سىلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭلارمۇ؟

— باردۇق. شاھ: «مۇشۇ ئىشقىمۇ مېنى بىسەرەمجان قىلامسىلەر؟ چىقىڭلار، ئوردىنى قالايمىقان قىلماڭلار، بوتىلاقنى سويۇپ، ئىككىڭلار تەڭ بۆلۈشۈۋېلىڭلار» دەپ چىقىرىۋەتتى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى.

— ئۇنداق بولسا، يۈرۈڭلار، بالا پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى. ئۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ قويسۇن، — دەپتۇ ـ دە، ئۇلارنى نۇسرەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. نۇسرەت مەسلىھەت-

چىلىرى، ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن «شاھلىق ئوردىسى»دا ئول-
تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىغا بوتىلاق ھەققىدە ئەرز قىلىپ
كەلگەن كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ھەر ئىككىڭلارنىڭ تۆگىسى بارمۇ؟ ئۇنداق بولسا،
تۆگەڭلارنى بۇ يەرگە ئەكېلىڭلار. سىلەر بوتىلاقنى بولۇشىغا
ساۋاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ياساۋۇللارغا قاراپ.

نۇسرەت ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ۋە ھېلىقى دەۋاگەرلەرنى نەق
مەيدانغا باشلاپ چىقىپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

كىچىك ياساۋۇللار بوتىلاقنى باغلاپ شۇنداق ئۇرۇپتۇكى،
بوتىلاقنىڭ نالىسىگە چىدىيالمىغان ئورۇق بىر تۆگە ھۆركىرەپ
كېتىپتۇ. تۆگىنىڭ ھۆركىرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن نۇسرەت:

— بۇ تۆگە قايسىڭلارنىڭ بولسا، بوتىلاق شۇنىڭ! — دەپ
ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

بۇنداق ئادالەت بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە بوتىلاقنىڭ
ئىگىسىلا ئەمەس، ھەتتا ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ قايىل بولۇشۇپ-
تۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نۇسرەتنىڭ ئالدىغا ھەر خىل ئەرز -
شىكايەتلەر بىلەن كەلگۈچىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە
باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىچىك ياساۋۇللار شەھەر كوچىلىرىنى
ئايلىنىپ يۈرسە، بىر ئادەم ئىككى بالىنى يېتىلىۋېلىپ:
«ئەستا! ئەستاغپۇرۇللا، بۇ قانداق بولغىنى؟» دەپ ئۆزى بىلەن
ئۆزى سۆزلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ
قالغان كىچىك ياساۋۇللاردىن بىرى:

— ھەي تاغا، نېمە بولدىلا؟ نېمىگە شۇنچە قايغۇرۇپ كې-
تىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، نېمىسىنى سورايسەن. مېنىڭ بىر ئوغلۇم
بار ئىدى. ئۇنى سىركە ئېلىپ كېلىشكە بازارغا ئەۋەتسەم:

«سىركە يوق ئىكەن» دەپ قايتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا مېنىڭ بالامغا بەكمۇ ئوخشىشىدىغان يەنە بىر بالا: «مانا، دادا، سىركە!» دەپلا ئۆيگە كىردى. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئۆز ئوغلۇم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم. بىر بالىنى باقالمايۋاتقاندا، ئىككى بالىنى بېقىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىزدەپ كېلىپ «بالا ئوغرىسى» دېگەن تۆھمەت بىلەن شەرىئەتكە بارسا، قازىكالاننىڭ دەررە - پالاقلىرى ئاستىدا ئۆلەرمەنمۇ، دېگەن غەمدە قالدىم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭمۇ؟

— باردىم. شاھ: «ھەي ئەخمەق، بىر بالىدىن ئىككى بالا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھەر ئىككىسىنى ئۆز بالام دەپ بېقىۋەر. ماڭ، چىق، ئوردىنى قالايمىقان قىلما» دەپ چىقىرىۋەتتى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— يۈرسىلە، ئۇنداق بولسا، بىز بالا پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى، سىلىنى بۇ باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسۇن، — دەپ، كىچىك ياساۋۇللار ھېلىقى ئادەمنى ئىككى بالا بىلەن نۇسرەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. بۇ ئادەم نۇسرەتكە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايسىڭلار بۇ كىشىنىڭ ئوغلى؟ — دەپ سوراپتۇ نۇسرەت ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىلارغا قاراپ.

— مەن!

— مەن!

ئىككى بالا تەڭلا ۋارقىراپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىكەنكى، ئۇلارنى پەرق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى، رەڭگىرويىلا ئەمەس، ھەتتا بىر تال چېچىمۇ پەرقلەنمەيدىكەن.

نۇسرەت بۇ مەسىلىنى پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە شەھەر

مۆتىۋەرلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ھەل قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

— بۇ مەسىلىگە ھەربىرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ يىغىلغانلاردىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارى-سىدىن ھېچكىم ئېغىز ئاچالماپتۇ، يەنە نۇسرەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قاپتۇ.

— سەن سىركىنى قايسى دۇكاندىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ نۇسرەت مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ.

— تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى سىركىچى ئايالدىن، — دەپتۇ بالىلارنىڭ بىرى.

— سەن قايسى دۇكانغا بارغانىدىڭ؟ — يەنە سوراپتۇ نۇس-رەت قورۇق قايتىپ كەلگەن بالىدىن.

— تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى دۇكانغا بارسام سىركە يوق ئىكەن، قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ سىركە ئېلىپ كېلەل-مىگەن بالا.

نۇسرەت بىرنەرسىنى پەملەپتۇ - دە، سىركە بار بوتۇلكا



بىلەن قورۇق بوتۇلكىنى يەرگە قويۇپ:
— قېنى، قايسىڭلار بۇ ئادەمنىڭ بالىسى بولساڭلار، مۇشۇ قورۇق بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان باللارنىڭ بىرى ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ، يەنە بىرى ئالمان - تالمان يەڭلىرىنى شىمايلاپ، بىرلا شۇڭغۇپ بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
ھېلىقى بالا بوتۇلكىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن:
— بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىڭلار، — دەپتۇ ياساۋۇللارغا نۇسرەت، — مانا بۇ سىركە ئېلىپ كەلگەن بالا ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى، بۇ بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرگەن مەخلۇق بولسا، جىن - شەيتان! ئەمدى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچماي، دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆز بالىڭىز بىلەن تۇرمۇشىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈڭ!
مەيدانغا يىغىلغان كۆپچىلىك: «بارىكاللا! نۇسرەت شاھنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ئاپىرىن! نېمىدېگەن دانالىق بۇ!» دېيىشىپ، نۇسرەتنىڭ تەدبىرىگە ھەيران قېلىشىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن نۇسرەتنىڭ داڭقى پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپتۇ. نۇسرەتمۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەردۇ ھالىغا يېتىپتۇ.
پادىشاھ نۇسرەتنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ:
— نۇسرەت دېگەن بىر يالاڭ تۆش شاھلىق سەلتەنىتىمىزگە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈزۈپ، ئوردا تەشكىل قىلىپ، خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ ئەبلەخ دەرھال مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈلسۇن! ئىشىكتىن كىرسىمۇ، كىرمىسىمۇ كالىلىسىنى ئالمەن؛ ئالدى بىلەن كىرسىمۇ، كەينى بىلەن كىرسىمۇ كال-

لىسىنى ئالىمەن؛ بىر سوئالىمغا ئىككى ئېغىز جاۋاب بەر-سىمۇ، بەرمىسىمۇ كاللىسىنى ئالىمەن ! — دەپ جاۋاب بېر-لىپ، نۇسرەتكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

نۇسرەت شاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزى-نىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنى باشلاپ شاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، ئوردا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر پۇتىنى كىرگۈزۈپ، بىر پۇتىنى كىرگۈزمەي، پادىشاھقا ئالدىنىمۇ قىلماي، كەينى-نىمۇ قىلماي، يانتۇ ھالەتتە تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ.

— ھەي بىئەدەپ، شاھ ھوزۇرىغا بۇنداق ئەدەپسىز-لىك بىلەن كىرىشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟ ! — دەپ ۋارقىراپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ھۆكۈملىرى، — دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپتۇ نۇسرەت دادىللىق بىلەن.

شاھ ئۆز ھۆكمىنىڭ خاتالىقىنى دەرھال سېزىۋاپتۇ ۋە:

— مەن سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي: شاھ تاجۇ تەختىنىڭ راۋاجلىنىشى نېمىدىن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— ئادالەتتىن، — بىر سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپتۇ نۇسرەت. شاھ ئۆز كۆڭلىدە «بارىكاللا !» ئوقۇپتۇ.



— يەنە بىر سوئال: زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشنىڭ مەنبەسى نېمە؟

— زۇلۇم ۋە جاھالەت.

— بايان قىل ! — دەپتۇ شاھ نۇسرەتنىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ قانائەتلىنىپ.

— ھۆكۈم بار، — دەپتۇ نۇسرەت شاھنىڭ ھۆكمىنى يادىغا سېلىپ.

شاھ ھۆكمىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— شاھلىق سەلتەنىتىنىڭ راۋاج تېپىشى، گۈللەپ - ياشنىشى خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈپ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم بېجىرىشتە. ھەرقانداق بىر شاھ قانچىلىك سەلتەنەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولسۇن، ئۆز ھۆكمىنى خەلققە زۇلۇم قىلىش بىلەن باشلاپ، جاھالەت پاتقىقىغا پاتسا، شۇ شاھنىڭ زاۋال تېپىش ۋاقتى تېزلىشىدۇ، — دەپ بايان قىپتۇ نۇسرەت.

شاھ شاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ نۇسرەتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ:

— بارىكاللا، ئوغلۇم، ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يېتىپسەن. سەن ياش بولساڭمۇ، ئەل - يۇرتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشىڭغا كۆزۈم يەتتى. سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئەلگە ئادالەت ۋە سائادەت يولىنى ئاچقىن، — دەپتۇ - دە، نۇسرەتنى ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئەتراپتىكى ھەممەيلەنمۇ نۇسرەتنىڭ تەختكە چىقىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، نۇسرەت شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇسرەت شاھ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا ئادىللىق بىلەن يۇرت سورىغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# دانىشمەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن. قىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، خۇددى بىر پەرىزات ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى دادىسىنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشىگە سېلىپ قويۇپتۇ. دېگەندەكلا، بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىر كۈنى دېھقاننى ئوردىسىغا چىقىرىپ، قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قىزى دادىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى ئېيتسامۇ، ئېيتمىسامۇ دەرد، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جاۋاب بەرمەي، ئۈچ كۈن مۆھلەت سورىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— قىزىم، سېنى بەرمىسەم، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. بېرەي دېسەم، سەن بەختسىز بولىسەن، — دەپ قىزىنى باغرىغا بېسىپ زار ـ زار يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، دادىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇڭ، ئوردىغا بارماي تۇرۇپ، پادشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ دادىسى قىزنىڭ سۆزىگە بىر ئىشدىنىپ، بىر ئىشەنمەي، خۇدادىن كەلگىنىنى كۆرەرمەن، دەپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە، قىزنىڭ دادىسى:

— بۇ ئىشنى قىزىم بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار، — دەپ قىزىنى چاقىرىپ بېرىپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلچىلەرگە قىز قوبۇل كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەلچىلەر قىزدىن خۇشال بولغان هالدا تويلۇقىنى سورىغاندا، قىز مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ بىر سوئالىم بار، سوراشقا بولارمىكىن؟ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشسىلە، مەن تويلۇقنى ئېيتاي، — دەپتۇ. ئەلچىلەر سوراشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قىز پادىشاھنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە قانچە نۆۋەت ئۆيلەنگەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئەلچىلەر هېچ ئويلانماستىنلا:

— پادىشاھ يەتمىش ياشتا. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنى سانىسا بىلگىلى بولار، لېكىن پادىشاھنىڭ قانچە خوتۇن ئالغانلىقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز هېچبىر هودۇقماستىن:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ تويلۇقۇم يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز قاپلان، قىرىق ئارسلان، ئاتمىش ئاختا، يەتمىش جىڭ پاختا ۋە سەكسەن تاختا بولسۇن، مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا، شۇ ۋاقىتتا توي باشلانسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەلچىلەر ئاق ياكى كۆك دېيەلمەي قايتىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— قىزنىڭ سالغان تويلۇقىنى قانداق قىلىپ تەييارلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر قىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ:



— توخۇداڭگال
چۈشەيدۇ، ئۆچكە
جاڭگال دېگەندەك،
بۇ تېجىمەلىنىڭ
قىزى ساراڭ بولسا
كېرەك، خىيالىغا
كەلگىنىنى جۆيـ-
لۈپتۇ، — دەپ
پادىشاھقا خۇشامەت
قىپتۇ، ئاندىن يەنە پادىشاھقا، — جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىر
كېچىلىك لەززىتى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك نېمىتى؟ پەرمان بولسا،
مۇنداق قىلساق، — دەپ تاغدىكى چارۋىچىلارغا يىگىرمە بۆرە،
ئوتتۇز قاپلان، قىرىق ئارسلاننى بەش كۈندە تەييارلاشقا بۇيـ-
رۇق چۈشۈرىدىغانلىقىنى، ئاتمىش ئاختا بولسا ئاتخانىدا تەيـ-
يار ئىكەنلىكىنى، يەتمىش جىڭ پاختىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى،
سەكسەن تاختىنى ياغاچچىلارغا بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەيـ-
يارلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى توغرا
تېپىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ
ۋاقىتتا بىر مەدىكار پېشايۋان ئالدىنى سۈپۈرۈپ تۇرۇپ ھېـ-
لىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ھەم ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىلـ-
سىزلىقىدىن ھەيران قېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈپ
تاشلاپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ دېرىزىدىن قارىسا، مەدىكار
يالغۇز، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۈلۈۋاتقۇدەك. پادىشاھ بۇ
كۈلكىدە بىر سىر بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپ، مەدىكارنى
ئالدىغا چاقىرىپ، نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىغانىكەن،
مەدىكار: «ئۆزۈمچىلا» دەپ راستىنى ئېيتماپتۇ. پادىشاھ تېخىـ-
مۇ قىزىقىپ تېرە تاراقشىتىپ كۆرسىمۇ نەتىجە چىقماپتۇ،

ئاخىر غەزەپكە كېلىپ جاللاتنى چاقىرىپ، كۈلۈشىنىڭ سەۋە-
بىنى ئېيتىپ بەرمىسە چېپىشنى بۇيرۇپتۇ. مەدىكار ئىشنىڭ
يامان يەرگە يەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئېيتىپ بېرەي، —
دەپتۇ.

پادىشاھ: «كەچتىم» دېگەندىن كېيىن، ئۇ كۈلۈشىنىڭ
سەۋەبىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ:

— قىزنىڭ تويلۇقى ھەققىدىكى سىلەرنىڭ ئەقلىسىزلىك-
لىرىڭلاردىن كۈلدۈم. قىزنىڭ يىگىرمە بۆرە دېگىنى — ئادەم
بالىسى يىگىرمە ياشقا تولغاندا بۆرىدەك چەبدەس؛ ئوتتۇز
قاپلان دېگىنى — ئوتتۇز ياشقا تولغاندا قاپلاندەك كۈچلۈك؛
قىرىق ئارسلان دېگىنى — قىرىق ياشقا تولغاندا ئارسلاندەك
ھەيۋەتلىك بولىدۇ، لېكىن ئاتمىش ياشقا تولغاندا خۇددى ئاخ-
تا ئاتقا ئوخشاپ قالىدۇ، يەتمىش ياشتا پاختىدەك بوشىشىپ
كېتىدۇ، ئەمدى سەكسەن ياشقا تولغاندا ئادەم تاختا تەلەپ قى-
لىدۇ، يەنى جىنازا كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەتمىش ياشقا
كىرگەن پادىشاھ مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، ئەمدى قا-
چان جىنازا كېلەركىن، دەپ شۇنى كۈتسۇن، پادىشاھقا ھازىر
قىز ئەمەس، بەلكى تاختا كېرەك دېگىنى. شۇڭا، ھەرقايسىلى-
رىنىڭ ناتوغرا پىكىر قىلىپ ئىشقا كىرىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن
كۈلدۈم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئويلىسا، راست. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر ئالاقزادە
بولۇپ، ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپتۇ، پادىشاھ بولسا، قىز-
نىڭ ئۆتكۈر ۋە قاقشاتقۇچ پىكرى ئاستىدا ھوشىدىن كېتىپ
ئوڭلىنالماي ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ئۆلۈمى پۈتۈن خەلقنى
خۇشال قىپتۇ. قىزنىڭ شۆھرىتى ئېشىپتۇ. شۇنىڭدىن كې-
يىن خەلق بۇ قىزنى «دانىشمەن قىز» دەپ ئاتاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# ئەقىل سىناش

ئۆتكەن زاماندا بىر مەملىكەتتە بىر پادىشاھ: «ئاتمىش ياشتىن ئاشقان قېرىلارنىڭ مەملىكىتىمدە ياشىشىغا رۇخسەت يوق، مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. بۇ يارلىققا كىمكى خىلاپلىق قىلسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ پەرمان جاكارلاپتۇ. مەملىكەتتىكى قېرىلار ۋە ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى بار پۇقرالار بۇ پەرمان دەستىدىن زار قاقشاپتۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ پەرمانى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپتۇ. ياشانغانلار ئۆز ماكانى، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ، بىر قىسمى چۆل ـ جەزىرىلەردە ھالاك بوپتۇ. پادىشاھ باشقىلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئەقىللىق ئوڭ قول ۋەزىرى پادىشاھقا:

— پادىشاھىئالەم، مەملىكەتنىڭ تەقدىرى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. پايتەختتە ئەقىل سىناش پائالىيىتى ئۆتكۈزسەك، بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئەقىل ئىشلىتىپ، يېڭى تەدبىرلەرنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرساق، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. بۇ مەسلىھەتكە پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە مۇنداق يارلىق جاكارلىنىپتۇ: «مەملىكەت بو-

يىچە ئەقىل سىناش ئۆتكۈزۈلىدۇ، سىناقتىن ياخشى ئۆتكەنـ
لەرگە ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىلىدۇ...»

ئەقىل سىناشقا تۆمۈر قەپەسكە سولانغان، بورداپ سەمرىـ
تىلگەن ھايۋان، قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش بىر جۈپ قارا
بايتال، قوۋزىقى سويۇۋېتىلىپ، چوماقلىرى ئېلىۋېتىلگەن
بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى، بېشىدىن ـ ئاخىرىغىچە ئوخشاش
چوڭلۇقتىكى بىر تال لىم قويۇلۇپتۇ. ئەقىل سىناشقا قاتـ
ناشقانلار قەپەستىكى ھايۋاننىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى،
ئاغزى تووۇرلانغان ئىككى قارا بايتالنىڭ قايسىسى ئانا، قايـ
سىسى تاي ئىكەنلىكىنى، لىمنىڭ قايسى تەرەپ تۈۋى، قايسى
تەرەپ ئۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىكەن.
كىشىلەر بۇلارنى بىرنەچچە قېتىمدىن كۆرگەن بولسىمۇ،
توغرا جاۋاب بەرگۈدەك بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ.

ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

چەت جاڭگاللىقتا ياشايدىغان بىر ئوتۇنچى يىگىت بار
ئىكەن. بۇ يىگىت ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ،
ئوتۇنچى بوۋىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. بوۋاي بىلەن نەۋرە
بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ئامراق ۋە ئېجىل ئىكەن. پادىشاھ
مەملىكەتتىكى قېرىلارنى قوغلاش پەرمانى چۈشۈرگەندە، ئوـ
تۇنچى يىگىت جاڭگالدا لەخمە كولاپ، بوۋىسىنى ئاشۇ لەخمىـ
دە بېقىپ كەلگەنىكەن. ئوتۇنچى يىگىت ھەر قېتىم ئوتۇن
سېتىپ يانغاندا، بوۋىسىغا شەھەردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېـ
رىدىكەن. بىر كۈنى ئاش ـ تاماق ئېلىپ بوۋىسىنىڭ قېشىغا
كەلگەن يىگىت بوۋىسىنى پادىشاھنىڭ ئەقىل سىناش پەرماندـ
دىن خەۋەردار قىپتۇ. بوۋاي جانلىنىپتۇ ۋە نەۋرىسىدىن ئەـ
قىل سىناشقا قويۇلغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىنچىكىـ
لەپ سورىغاندىن كېيىن:



— ئوغ-
لۇم، ئوردىغا
بېرىپ ئەقىل
سىناشقا ئۆ-
زۈڭنى مەلۇم
قىل، — دەپ
ئوغلىغا ئەقىل
سىناشقا قو-
يۇلغان نەرسى-
لەرنىڭ نىمى-
لىكىنى ئېيى-
تىپ بېرىپتۇ.

يىگىت ئوردىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇ يىگىت-
نىڭ جەسۇرلۇقى ئوردا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. پادىشاھ
ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن سىناق مەيدانىدىن ئورۇن ئاپتۇ.
ئوتۇنچى يىگىت دەسلەپ قەپەسنىڭ قېشىغا كېلىپ قەپەسنى
بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ، پادىشاھقا:

— بۇ قەپەستىكى مەخلۇق گەرچە ناھايىتى يوغىنىغان
بولسىمۇ، چاشقان، — دەپتۇ.

يىگىت بىر جۈپ قارا بايتالنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن بۇ-
رۇن، ئوردا ئەمەلدارىغا:

— ماڭا بىر تۇتام بېدە بېرىڭلار، — دەپتۇ. بېدە كەل-
تۈرۈلگەندىن كېيىن، بېدىنى كۆتۈرۈپ بىر جۈپ بايتالنىڭ
ئالدىغا كېلىشىگە، ئوڭ تەرەپتىكى بايتال كىشنەپتۇ. يىگىت
شاھقا:

— كىشنىگەن بايتال بالىسى، سول تەرەپتىكى ئانا باي-
تال، — دەپتۇ، ئاندىن لىمىنىڭ قېشىغا كېلىپ، — شاھ رۇخ-

سەت قىلىسا، بۇ لىمنى شاھ ئوردىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەرياغا تاشلايمەن، ئاندىن قايسى تەرىپى تۇۋى، قايسى تەرىپى ئۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

شاھ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن بالا بىرنەچچە كىشىگە لىمنى كۆتۈرگۈزۈپ، دەرياغا توغرىسىغا تاشلاتقۇزۇپتۇ، سۇ يۈزىگە توغرىسىغا چۈشكەن لىم شۇ بويىچە ئاقماي، ئاۋۋال بىر تەرىپى ئېقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت لىمنىڭ ئاققان تەرىپىنى ئۇچى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سىناق تۈگىگەندىن كېيىن، شاھ يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— قەپەستىكى مەخلۇقنى نېمىگە ئاساسلىنىپ چاشقان دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— شاھىم، ماڭا بىر مۈشۈك ئەكەلدۈرۈپ بەرسىلە، — دېگەنىكەن، ياساۋۇللار دەرھال بىر مۈشۈك ئەكەپتۇ. يىگىت مۈشۈكنى قەپەسنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانىكەن، مۈشۈك يىگىتنىڭ قولىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىدىن يوغان ھېلىقى مەخلۇققا ئېتىلىپتۇ، قەپەستىكى مەخلۇق چىرىلداپ قەپەسنىڭ ئىچىدە پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ.

شاھ بۇ جاۋابنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلاپتۇ ۋە قالغانلىرىنى قانداق بىلگەنلىكىنى يېشىپ بېرىشنى سورىغانىكەن، يىگىت شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، بۇنى بوۋام دەپ بەرسۇن، — دەپتۇ. شاھ دەرغەزەپ بولۇپ ياساۋۇللارغا بوۋاينى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بوۋاي كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ:

— ھەي بوۋاي، نەۋرەڭگە نېمە ئۈچۈن بىر جۈپ بايتال بىلەن لىمنىڭ جاۋابىنى يېشىپ چۈشەندۈرمىدىڭ؟ — دەپتۇ. بوۋاي:

— شاھ ئالىيلىرى، مەن پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغان گۇناھكارمەن، كەچۈرگەيلا. ئىككىنچى، ئۈچىنچى سىناقنىڭ

جاۋابىنى تولۇق يېشىپ بەرمەسلىكتىكى مەقسىتىم، ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ۋە قىزىلارنىڭ مەملىكەت ئۈچۈن پايدىلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنىڭ مول-لۇقىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەمدى قالغىنىنى مەن ئېيتىپ بېرەي: كىشىنىگەن بايتالنى بالىسى دېيىشتىكى سەۋەب، مەن ئۇزۇن يىل پادىچىلىق قىلغان. هايۋانلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش نەپسىگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، چوڭلار ئۆزىنىڭ نەپسىنى يىغالايدۇ. مۇشۇ ھەقىقەتكە ئاساسەن، بىرەدە ئارقىلىق تايىنى كىشىنىتىپ، ئانا - بالا بايتالنى پەرقلەندۈردۈم. ئۈچىنچى سىناققا كەلسەك، مەن جاڭگالدا ئوتۇنچىلىق قىلدىم، دەل - دەرەخنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىمەن. لىمنىڭ تۈۋى بىلەن ئۇچى ئويمۇئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما تۈۋى ئۇچىغا قارىغاندا ئېغىرراق بولىدۇ. لىم سۇغا تاشلانسا، ئۇنىڭ يېنىك تەرىپى، يەنى ئۇچى ئاۋۋال ئاقىدۇ، ئېغىرراق تەرىپى — تۈۋى كېيىنرەك ئاقىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ياغاچنىڭ قايسى تەرىپىنىڭ ئۇچى ياكى تۈۋى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ جاۋابى شاھنى قايىل قىپتۇ. شاھ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— مەن قىزىلار بىكار ئاش - نان يەيدۇ، شۇڭا قىزىلارغا مەملىكىتىمدە ئورۇن يوق، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەنمەن، ئەقىل سىناش نەتىجىسىدىن بۇ پەرمانىمنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يەتتىم. يېڭى پەرمان جاكارلايمەن: هازىردىن باشلاپ قىزىلار ھۆرمەتلەنسۇن، قىزىلار ئۆز بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرسۇن، — دەپتۇ. خەلق شاد - خۇراملىقتا چۈمۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مەملىكەت روناق تېپىپتۇ.

# تەدبىرلىك قىز

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىنتايىن ئەركە - نايناق ئىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى مۇشۇ ۋارىسىغا بېغىشلىغاچقا، ئۇ- نى ئوقۇتۇپ ئىلىم ئەھلى قىلىشقا شۇنچە تىرىشىدىكەن. بىراق، موللا - ئۆلىمالار بۇ شاھزادىنى بىرقانچە يىل ئوقۇت- قان بولسىمۇ، شاھزادە «ئېلىپ»نىمۇ ئۆگىنەلمەپتۇ. ئەمما، پا- دىشاھ ئەيىبنى ئوغلىدىن كۆرمەي، موللىلارنىڭ بەزىلىرىنى: «قولىدىن ئىش كەلمەسلەر» دەپ ئۇردا مەدرىسىسىدىن قوغلى- سا، ھەتتا بەزىلىرىنى جازالاپتۇ. شاھزادە ئۇستازسىز قېلىپ، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىنى چاقىرىپ:

— بالام، يېشىڭ ئونغا بېرىپ قالدى، تېخىچە ھېچ نەرسە ئۆگەنمىدىڭ. تىرىشىپ بىلىم ئالمىساڭ، قانداقمۇ تەخت ۋارىسى بولالايسەن؟ مۇنداق كېتىۋەرسەڭ، مەن ئاخىرەت ئېتىنى مىنەر چېغىمدا، ساڭا تاجنى كىيدۈرۈپ قويغىنىم بىلەنمۇ بېشىڭدا تۇرغۇزالمايسەن. شۇڭا، بىر ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ سېنى ئو- قۇتماقچىمەن. ياخشى ئوقۇغىن ... — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. شاھزادىمۇ ئوبدان ئوقۇيمەن دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ياۋاش، ئېغىر - بېسىق، تەجرىبىلىك بىر مۇدەررىسىنى

ئوردىغا ئالدۇرۇپ، شاھزادىنى ئۆز قولى بىلەن مۇدەررىسكە تاپ-
شۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇدەررىس دەرس باشلاش ئالدىدا: «ئوقۇپ قە-
يەرگە كەلگەندىلە؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادىدىن. «ئۆتكەن يىلى
قىشقىچە ئوقۇغانىدىم» دەپتۇ شاھزادە. «خوش، ناھايىتى ياخشى
ئىكەن، قايسى كىتابقا چۈشكەنتىلە؟» دەپ يەنە سوراپتۇ موللا
شاھزادىدىن. «ئۇ كىتابنى ئۇستازىم ئۆزى بىلەتتى، ئىسمىنى
دەپ بەرمىگەنىدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە. شۇ چاغدا پا-
دىشاھ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ مۇدەررىس بىلەن شاھزادە ئوتتۇرىسىدا
بولغان سوئال - جاۋابلارنى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىۋالغا-
نىكەن. «دەرسنى باشتىن باشلىغان ياخشى، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا
بىر قوللۇق تەلىم ئالسۇن» دەپتۇ پادىشاھ. مۇدەررىس «پەن-
سۇر»① دىن دەرس ئۆتۈپتۇ. لېكىن، شاھزادە «ب»نى ئۆگەتسە
«ا»نى ئۇنتۇپ قېلىپ، «ا»نى قايتىلىسا «ب»نى ئۇنتۇپ قې-
لىپ، زادىلا ئالغا باسماپتۇ. شۇ تەرىقىدە يېرىم يىل ئۆتۈپ
كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ دەرس ئۈستىگە كىرىپ، شاھزا-
دىگە: «ساۋىقىڭنى ئوقۇپ باققىن» دەپتىكەن، شاھزادە يەرگە
قاراپ ئولتۇرۇۋېپتۇ. پادىشاھ مۇدەررىسنى: «بالامنى ياخشى ئو-
قۇتماپسەن» دەپ سېسىق گەپ بىلەن ھاقارەتلەپتۇ. مۇدەررىس-
نىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ:

— ئالتە ئايدىن بېرى شاھزادىگە ھېچنېمە ئۆگىتەلمىدىم، بۇنىڭ ئورنىدا ئېشەكنى ئوقۇتقان بولسام، موللا قىلار ئىدىم، — دەپ ساپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— مېنىڭ بالامنى ئېشەكتىنمۇ پەس كۆردۈڭمۇ؟! — دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— قىلمىغان ئامالىم، قوللانمىغان ئۇسۇلۇم قالمىدى،

---

① پەنسۇر — ساۋات چىقىرىش كىتابى.

ئەمما شاھزادە تېخىچە «ئېلىپ»نى ئۆگىنەلمىدى، مانا ئاخىر پادىشاھىمدىن تەنبىھ ئاڭلىدىم. شۇڭا، ئالتە ئايدىن بۇيانقى ئەجرىمنى ئېشەككە سىڭدۈرگەن بولسام، موللا بولار ئىدى دەپ ئۆزۈمگە ئېچىندىم، — دەپتۇ مۇدەررىس.

— سەن ھەممە گۇناھنى مېنىڭ بالامغا ئارتماقچىمۇسەن؟! شۇڭا، دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن، ساڭا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن، بىر ئېشەكنى موللا قىلىپ خەلقىمىزئالدىدا كارامە-تىڭنى كۆرسىتىسەن. مۇبادا موللا قىلالمىساڭ، شۇ مەيداندا كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

مۇدەررىس بېشىنى سىلىپ، ئوردىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆ-يىگە كېلىپ، جايناماز ئۈستىدە خۇداغا مۇناجات قىلىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە غىزامۇ يېمەپتۇ. بۇ دە-رىجىدە قايغۇغا چۆكۈپ يىغا - زار قىلىشى ئۆيىدىكىلەرنىڭ يۈ-رىكىنى ئېزىپتۇ. بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ:

— جېنىم دادا، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ياش تۆكۈشتىن باشقىنى بىلمەيسەن. نېمە بولدى، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ ئېيتقىن، — دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاخىر مۇدەررىس بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مۇدەررىسنىڭ خوتۇنى ئىنتايىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، ئەمما قىزى ئۆزىنى تەم-كىن تۇتۇپ: «چارە تېپىلىدۇ، ئەقىل ئېتىمنى ھەريان چاپتۇرۇشىد-مىز كېرەك» دەپتۇ. ئاخىر ئۇ ئويلا - ئويلا مۇنداق بىر چارە تې-پىپتۇ: مۇدەررىسنىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن، ئېشەككە ئەتى-گەندىن چۈشكىچە ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ. چۈشتىن كېيىن قىز بىر كىچىك شىرەنى ئاچىقىپ ھويلىغا قويۇپتۇ، ئۈستىگە يوغان بىر كىتابنى قويۇپ، كىتابنىڭ ئۈستىگە بىر چاڭگال قوناقنى تۆكۈپ قويۇپ، ئېشەكنى ئېغىلدىن چىقىرىپ قوناقنى كۆرسىد-تىپتۇ. ئېشەك ئاستا يۈرۈپ قوناقنى بىرنى قويماي يەپتۇ. ئې-

شەكنى ئېغىلغا سولاپ، كىتاب ئۈستىگە يەنە قوناق تۆكۈپ قويۇپ، ئېشەكنى چىقارغىنىكەن، ئېشەك ئۇدۇل شىرە ئالدىغا كېلىپ، قوناقنى يەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەچكىچە بۇ ئىشنى تەكرارلاپتۇ. ئەتىسى قىز ئېشەكنى شىرە ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئېچىپ ئارىسىغا بىر چاڭگال قوناقنى تۆكۈپ مۇقاۋىنى يېپىپ قويۇپتىكەن، ئېشەك قىلىن كالپۇكلىرى بىلەن مۇقاۋىنى ئېچىپ قوناقنى يەپتۇ. بۇ ھەرىكەتنى بىر كۈن مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇقاۋىغا ۋە بىرنەچچە بەتنىڭ ئىچىگە قوناق تۆكۈپ قويۇپ ئېشەكنى چىقارغىنىكەن، ئېشەك ئۇياق-بۇياققا قارىماي توپتوغرا كىتابنىڭ قېشىغا كېلىپ ئالدى بىلەن مۇقاۋىنى، ئاندىن كېيىن ھەربىر بەتلەرنى ئېچىپ قوناقلارنى يەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېشەك كىتابنىڭ ھەممە ۋاراقلىرىنى كالپۇكلىرى بىلەن بىرمۇبىر ۋاراقلاپ چىقىشنى ئۆگىنىپتۇ.



بىر ئاي توشۇپتۇ، مۇدەررىس ئېشەكنى يېتىلەپ، قىزى شىرەنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنى كىتابنى قولتۇقلاپ، پادىشاھ بەلگىلىگەن سورۇنغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھمۇ ۋەزىر-ئەمىرلىرى بىلەن چىقىپتۇ، كاللا كېسەرلەر سەپ تۈزۈپ تۇرۇپتۇ. پۇقرالار: «ھەي بىچارە ئا-

خۇنۇم، ياۋاش ئىدى، بۈگۈن يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان بولدى» دەپ مۇدەررىسكە ئېچىنىپتۇ. پادىشاھ بىر ۋەزىرگە قاراپ ئىشارەت قىلغانىكەن، ۋەزىر ئالدىغا چىقىپ:

— ئى خالايىق، بۈگۈن بۇ يەردە شاھزادىگە ھاقارەت كەلتۈرۈشكە پېتىنغان بۇ مۇدەررىسكە شاھىمىزنىڭ ئادىللىقى بىلەن ئۈتتۈز كۈن مۆھلەت ئېچىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش بۇيرۇلغانىدى، كۆرسىتەلمىسە، كاللىسى ئېلىنىدۇ ! — دەپ جاكارلاپتۇ.

قىز سالماق قەدەم بىلەن شىرەنى يەرگە قويۇپتۇ، ئاندىن ئاپىسىنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن كەينىگە يېنىپتۇ. مۇدەررىس تىپىرلاپ تۇرغان ئېشەكنى چىلۋۇ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى خەلقىئالەم، ئۆمرۈم ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتتى، سىلەرگە ياخشى خىزمەت قىلالمىدىم. ھازىر مېنى ناھەق ئۆلۈم كۈتمەكتە، سىلەردىن رازىلىق تىلەيمەن. ئەمما، مەن شاھزادىگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. شاھزادىنى ئالتە ئاي ئوقۇتۇپ «ئېلىپ»نى چوماق دېگۈزەلمەي پادىشاھىمىز ئاھانەت ئىشىتتىم. شۇ چاغدا، ئەگەر مۇشۇ ئالتە ئاي جەريانىدا ئېشەككە ئەجىر قىلغان بولسام، ئېشەك موللا بولار ئىدى، دېدىم. لېكىن، پادىشاھىم ئېشەكنى موللا قىلىشىم ئۈچۈن ئالتە ئاي ئەمەس، بىر ئاي مۆھلەت بەردى، بۇ تېخى ئادىللىق ئىمىش. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئەجىر قىلىۋىدىم، بىكار كەتمىدى، مانا كۆرۈڭلار ! — دەپ ئېشەكنى قويۇۋېتىپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئېشەك كىتابنىڭ قېشىغا ئوقتەك كېلىپ، مىختەك تۇرۇپ، مۇقاۋىنىڭ سىرتىنى پۇراپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇقاۋىنى ئەپلىككىنە ئېچىپتۇ، ئاندىن كىتابنى بىرىنچى بەتتىن

www.uyghurkitap.com

تارتىپ ئاخىرىغىچە كالپۇكلىرى بىلەن ۋاراقلاپ چىقىپتۇ، ھەربىر بەتنى ئاچقاندا پۇراپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىد-كەن، بۇ جامائەتچىلىككە ئېشەك خۇددى كىتاب تونۇغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. پۈتۈن مەيدان دولقۇنلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ. ئېشەك قوناق تەمەسىدە كىتابنى چالا قويماي ۋاراقلاپ چىققاندىن كېيىن، ئوقۇپ بولدۇم دې-گەندەك قىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. مۇدەررىسنىڭ ئالدىدا مات بو-لۇپ قالغان پادىشاھ رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— سەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالماي-سەن، چۈنكى سېنىڭ ئېشىكىڭ پەقەت كىتاب ۋاراقلاشتىن باشقا بىرەر ئېغىز نەرسە دېمىدى، شۇڭا بۇنى ئېشەكنى موللا قىلدى دېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ مۇدەررىسكە. پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىۋەتكەن قىمارۋازدەك چىديالماي قىلغان بۇ گېپىنى ئاڭلىغان مۇدەررىسنىڭ قىزى:

— سەلتەنەتلىك شاھىم، ئۆتكۈر كۆزىڭىزدىن ۋە دانالىق-تا تېپىلغۇسىز تەپەككۇرىڭىزدىن شۇ نەرسە قېچىپ قۇتۇلمى-غايكى، تىل بىلەن يارىتىلغان ئىنسان ئالدىدا، تىلسىز ھايۋاننىڭ شۇ دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەگەر ئېشەكتە شاھزادىنىڭ تىلى بولسا ئىدى، بايا ئوقۇغاند-لىرىنى سۆزدەك ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئادالەت بابىدىن ئۆمۈرلۈك دەرس ئۆتكەن بولاتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادى-شاھنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ غىڭ - پىڭ قىلالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەدبىرلىك قىز تەدبىرچانلىقى بىلەن ئا-تىسىنى زالىم پادىشاھنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدىن قۇتقۇ-زۇپ، مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنتۇلماي كەلگەن بۇ ھېكايىنى قال-دۇرغانىكەن.

# ئاياز بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنى كەڭ، خەلقى ئىشچان ئىكەن، بۇ پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئادىتى بويىچە ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر جاڭگالغا بېرىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدىن بىر جەرەن چىقىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىغا: «بۇ جەرەننى قوغلاپ تۇتۇڭلار» دەپ ئەمر قىپتۇ. ئۇلار جەرەننى بىردەمدىلا ھالقا شەكلىدە قورشىۋاپتۇ. پادىشاھ جەرەننى تىرىك تۇتۇشنى، ئەگەر جەرەن قايسىسىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، شۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا، جەرەن پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىزا كۈچىدىن جەرەننى ئۆزى يالغۇز قوغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ تا كەچ كىرگۈچە قوغلاپتۇ، بىر جىلغىدىن ئۆتكەندە جەرەن كۆرۈنمەي قاپتۇ. پادىشاھمۇ ھېرىپ ـ چارچاپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كېتەي دەپ قاپتۇ. كەينىگە يېنىپ كېتەي دېسە، ئادەملىرىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، كۈنمۇ كەچ بولغان. پادىشاھ دىمىنى ئېلىپ، ئەتراپقا قارىسا، يان تەرەپتىكى بىر كەپىدىن ئىس چىقىۋاتقۇدەك. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ، كەپىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ

تۇرۇشىغا كەيدىن بىر كىشى چىقىپتۇ. بۇ كىشى بېشىغا كونا كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا جىلىتكە كىيىۋالغان، قامەتلىك، خۇشخۇي بىر كىشى ئىكەن. بۇ كىشى پادىشاھنى ئېزىپ كېلىپ قالغان كاتتا باي ئوخشايدۇ دەپ دەرھال كەيگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ ئېتىنى ھېلىقى كى‐ شىگە بېرىپ كەيگە كىرىپتۇ. ئاڭغىچە ئۇ كىشى كىرىپ، پادىشاھنى ئۆيگە سېلىنغان ئۆچكە تېرىسىدە ئولتۇرۇشقا تەك‐ لىپ قىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى كىشى پاد‐ شاھنىڭ ئالدىغا ئىككى قوناق نېنى، بىر ھېجىردا قېتىق ئە‐ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى تارتمىغان بولسىمۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقى ھەم ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ زاغرىنى قېتىققا چىلاپ يەپ باققۇدەك بولسا، شۇنداق مەززىلىك تېتىپتۇكى، ئۆمرىدە يېگەن ئېسىل تائاملىرىمۇ بۇن‐ چىلىك تېتىمىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ قېتىق بىلەن



www.uyghurkitap.com

قوناق ناننى ئىشتىھا بىلەن يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېپتۇ، ئاندىن ھېلىقى كىشىدىن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ئاياز، ئۆزلىرىنىڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بۇ كىشى.

— ئىسمىم شاۋاز. بۇ جاڭگالدا نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەن بۇ يەردە باينىڭ مېلىنى باقىمەن. ئۆزلىرى قانداق بولۇپ بۇ ياقا كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— بىز بىرنەچچە سودىگەر سەپەر قىلىپ، مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە بۇلاڭچىغا ئۇچراپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتۇق. مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. بۈگۈن بىر كېچە سىزگە ھەمراھ بولسام، قانداق؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي باي ئاكا، كەپەمدە سىلىگە سېلىپ بەرگۈدەك يوتقان - كۆرپەم يوق، قانداق بولار؟ — دەپتۇ ئاياز.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، سىز قەيەردە ياتسىڭىز، مەن ھەم شۇ يەردە ياتاي، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئاياز پادىشاھقا بىر تېرىنى ئەكېلىپ تېگىگە سېلىپ، بېشىغا بىر كېسەكنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى داق يەردە يېتىپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئەسكى تېرە ئۈستىدە شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتۇكى، ئۆمرىدە بۇنداق خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىغانىكەن. بىر ۋاقىتتا پادىشاھ ئويغىنىپ قارىسا، ئاياز ئۆزىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان. پادىشاھ:

— سىز بىر كۈن مال بېقىپ چارچىغانسىز، يېتىپ ئۇخلىماي نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئاياز:

— ئى باي ئاكا، سىلى بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم. مەن سىلىنى تونۇمىساممۇ، سىلىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكلىرىگە ئىگە بولمىسام بولمايدۇ. بۇ جايدا يىرتقۇچلار كۆپ، كېچىچە سىلىگە

بىرەر خەۋپ ـ خەتەر يېتىپ قالمىسۇن، دەپ مۇھاپىزەت قىلىپ ئولتۇردۇم، ــ دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ، ئاياز ئەتىگەنلىك تاماقلىققا يەنە زاغرا بىلەن قېتىق ئەكەپتۇ. پادىشاھ تائامنى ئىشتىها بىلەن يەپ، ئاياز بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ، بۇ ئاياز مېنىڭ ئېسىل سۆيەت شاھانە بەستىمگە قاراپ كېچىچە ئۇخلىماي مېنى قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ كىشىنى بىر سىناپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىنى دىۋانە قىياپىتىدە ئايازنىڭ كەپىسى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. ئاياز بۇ «دىۋانە»گىمۇ خۇددى پادىشاھقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ، كېچىسى ئۇخلىماي مۇھاپىزەت قىلىپ، ئەتىسى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ۋەزىرمۇ تەسىرلەنگەن ھالدا ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئۇچىنچى نۆۋەت شاھزادىسىنى ئەۋەتىپتۇ. ئاياز بۇۋاي بۇ تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە كەلگەن «يېتىم بالا»نىمۇ ئۆز قائىدە، ئەقىدىسى بويىچە كۈتۈۋېلىپ يولغا ساپتۇ. شاھزادىمۇ كۆرگەنلىرىنى شاھ ئاتىسىغا ئەينەن مەلۇم قىپتۇ. شاھ مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ ياخشى پەزىلەتلىك ئاياز بوۋاينى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئىككى خىزمەتچىسىگە:

ــ پالانى جاڭگالدا بىر مالچى بار، ئىسمى ئاياز، ئۇنى قورقۇتۇۋەتمەي، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر مالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ بۇ جاڭگالدا ئاياز ئىسىملىك بىر مالچى بارمىش، شۇنى

تونۇمسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، مالچى:
— ئاياز دېگەن مالچى مەن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ-تۇ. خىزمەتچىلەر دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئاياز بىلەن كۆرۈشۈپ:
— سىز مېلىنى باققان باي قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— باي ئاۋۇ كۆرۈنگەن مەھەللىدە، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ ئاياز. خىزمەتچىلەردىن بىرى دەرھال ئاتلىنىپ مەھەل-لىگە بېرىپ، باينى چاقىرىپ كېلىپ:
— ماۋۇ مالچىنى شاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتتى، مېلىڭنى قولۇڭغا ئال، — دەپتۇ.
باي بىلەن ئاياز ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئايازنى بىر ئاز قور-قۇنچمۇ بېسىپتۇ. ئاڭغىچە خىزمەتچىلەر ئېلىپ كەلگەن بىر ئاتقا ئايازنى مىندۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. ئاياز ئوردىغا بېرىپ، تەختتە ئولتۇرغان شاھقا قاراپ، ھېلىقى كۈندىكى كەپىسىدە قونغان سودىگەر سۆپەت كىشىنى ئەسلەپ-تۇ. شۇ ئەسنادا شاھ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ ئاياز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خىزمەتچىلەرنى بۇيرۇپ ئايازنى يۇيۇندۇرۇپ، تون - سەرپايلارنى كىيدۈرۈپتۇ. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندە شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى كۈنى كەپىدە قونغان «دىۋانە» شاھ-نىڭ ۋەزىرىكەن، ھېلىقى «بىچارە يېتىم» بالا شاھزادە ئىكەن. پادىشاھ ئايازنى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.
بىر كۈنى شاھ ئايازنىڭ ئەقلىنى سىنىماق بولۇپ، ئاياز-نى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ، بىر يەردە كېتىپ بېرىپ، پادىشاھ تۇيۇقسىز:
— ئېغىزغا بىرلا سېلىپ يېيىشكە نېمە ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تۇخۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاياز. يەنە بىر يىل ئۆت-كەندىن كېيىن شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شاھ سوراپتۇ:

www.uyghurkitap.com

— نېمە بىلەن؟

— تۆز بىلەن، — دەپ دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ ئاياز.

شاھ ئايازنىڭ ئاقىل كىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى نۆۋەت سورىغان سوئالىنىڭ داۋامىغا دەل بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ تەمتىرىمەي جاۋاب بەرگەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئايازنى ئۆزىگە ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. ئاياز شاھقا بەزى تەكلىپ - مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ. شاھ بۇ مەسلىھەتلەرگە ئاساسەن ئوردا ئىچىدىكى پارىخور - خىيانەتچىلەرنى، خەلققە زۇلۇم سالغان بەگ - ئەمەلدارلارنى جازالاپ، خەلققە يار - يۆلەك بوپتۇ. ئادالەت يولغا قويۇلغاچقا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپتۇ، شاھمۇ خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ. ئايازنىڭ خەلق ئارىسىدا ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن ئوردا ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئايازنىڭ ئارقىسىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىپ، شاھقا چېقىپتۇ. شاھ بۇ ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئايازنى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەملىكەت قالايمىقانلىشىپ، ئەرز - شىكايەتلەر كۆپىيىپ، خەلقنىڭ ئوردا ۋە شاھقا بولغان نارازىلىقى كۆپىيىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن شاھ ئايازغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاياز بىلەن ھېلىقى ھەسەتخور پىتنىچى ئەمەلدارلارنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ - دە، ئىككى قىچىرغا تىللا - تەڭگىلەرنى ئارتىپ، ئايازنى ھەم ھېلىقى چېقىمچىلارنى بىرگە ئېلىپ: «تاماشا قىلىپ كېلىمىز» دەپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى قىچىردىكى تىللالارنى يولغا چېچىۋېتىپ، ئېتىغا قامچا سالغىنىچە ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ. بىر مەنزىلگە بېرىپ توختاپ ئارقىسىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر يال-

غۇز ئايازلا ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان، قالغان ئۆزىگە «سادىق» ھېلىقى ۋەزىر - ئەمەلدارلار تىللا - تەڭگە تېرىپ يولدا قالغان. پادىشاھ ئايازدىن:

— ھەي، سەن نېمىشقا تىللا - تەڭگىدىن تېرىۋالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئاياز:

— مەن پۇلنى كۆرسە، ھەممىدىن كېچىدىغان ئۇنداق پەسكەشلەردىن ئەمەسمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئايازنى يەنە ئوڭ قول ۋەزىر ھەم خەزىنىدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شاھ ئايازنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرى بىلەن يۇرت سوراپتۇ، يۇرت تەرتىپكە چۈشۈپتۇ. خەلق ھەم خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ. ئاياز خەزىنىدار بولغاندىن كېيىن، كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى غەمخورلۇقى ئاستىغا ئاپتۇ. بىراق، ئوردا ئىچىدىكى ھېلىقى ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ نەپ ئالىدىغان يوللىرى ئېتىلگەچكە ئىچلىرى ئۆرتىنىپ، يەنە شاھقا: «ئاياز خەزىنىدىكى پۇللارنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە بېرىۋەتتى، خەزىنىدىكى بايلىق بىلەن ئۆز ئىناۋىتىنى تىكلەپ، ئۆزلىرىدىن شاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتى بار» دەپ شىكايەت قىپتۇ. شاھ بۇ قېتىم ئادەم چىقىرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپتۇ. تەكشۈرگۈچىلەر ئايازنىڭ خەزىنىدىن كەمبەغەللەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلىپ كېلىپ: «ئايازنىڭ كىشىلەرگە خەزىنىدىن پۇل بەرگىنى راستىكەن» دەپ تومتاقلا مەلۇم قىپتۇ. شاھ بۇنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا ئايازنى يەنە ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇپ، خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋېلىپ خەزىنىنى تەكشۈرمەكچى بوپتۇ. ئەتىسى شاھ خەزىنىگە بېرىپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشىگە، بېشىغا بىر نېمە تېگىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئايازنىڭ مال بېقىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا

www.uyghurkitap.com

كىيگەن جۇلدۇر كېپەن كىيىملىرى ئىكەن. شاھ ئايازنى چا-
قىرتىپ كېلىپ، بۇ ئەسكى كىيىملەرنى خەزىنىنىڭ ئىشىك
بېشىغا ئېسىپ قويۇشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئى پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئاياز، — مېنى سىلى
مۇشۇ ئەسكى كىيىملەر بىلەن يۇرگەن چېغىمدا خىزمەتكە
قويدىلا، ئىززەتلەپ خەزىنىچى قىلدىلا، مەن راھەتكە چىقتىم.
مەن مۇشۇنچىۋالا دۇنيانى كۆرۈپ ئاينىپ، بۇرۇن كۆرگەن
كۈنۈمنى ئۇنتۇپ، خەزىنىگە قارا ساناپ قويماي دەپ، بۇرۇن
كۆرگەن كۈنۈمنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇنى مۇشۇ يەرگە
ئېسىپ قويدۇم. ھەر قېتىم خەزىنىگە كىرگىنىمدە، بۇ بوغچا
بېشىمغا تېگىدۇ، ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەيمەن ـ دە، بۈگۈنكى
كۈنۈمگە قانائەت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئايازنى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇۋەتكەن شۇ مەزگىللەردە
يۇرت ئىچى يەنە قالايمىقانلىشىپ، ئوردا خىزمەتچىلىرى ئى-



چىدە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ، يېزىدا دېھقانلارنىڭ يەيدىغانغا ئېشى، شەھەردە كىشىلەرنىڭ قىلىدىغانغا ئىشى يوق، ئوغرى ـ يالغان ئاۋۇپ كېتىپتۇ، خەلق نامراتلىشىپ، ئوردىغا، شاھقا نارازىلىق كۆچىيىپتۇ. شاھ چېقىمچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئايازغا ئۆۋال قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ. شاھ ئۆزىمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغلى تەختتە ئولتۇرۇپ، ھېلىقى چېقىمچىلارنى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ جازاغا تارتىپتۇ. خەلق غەمدىن خالاس بولۇپ، يۇرت ئەمىن تېپىپتۇ، ئەمما دېگەندەك روناق تاپالماپتۇ. پۈتۈن خەلق ئايازنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاياز ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھەم پادىشاھ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سوراپتۇ، شاھزادىگە مەسلىھەتچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئاۋات، خەلق باياشات بوپتۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئەدلى ـ ئادالەت نۇرلىرى چېچىلىپ، ئىناقلىق كۆندىن ـ كۆنگە ئېشىپ، دۆلەت روناق تېپىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# پاراستەلىك قىز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كۆپ چارچاپتۇ ـ دە، ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھەمراھلىققا سول قول ۋەزىرىنى ۋە بەجانىدىل ئىشلەيدىغان مۇلازىمىدىن بىرنى ئېلىپ، جاھان سەيلىسى ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشاھ سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن بىر دانە گۆھەر ئېلىۋالغانىكەن، گۆھەر ئېلىۋالغانلىقىنى ھەمراھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېيتماپتىكەن. خۇپىيانە ساقلاپ يۈرگەن بۇ گۆھەر تۇساتتىن يىتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇ ياقنى ئىزدەپتۇ، بۇ ياقنى ئاختۇرۇپتۇ، گۆھەر ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. پادىشاھ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بوپتۇ. ئۇلار بىر ئاۋات شەھەرگە كېلىپ بىر ھەشەمەتلىك سارايغا چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ باشقىلارنى ئەگەشتۈرمەي ئۆزى يالغۇز كوچىغا چىقىپتۇ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرى بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر دانە گۆھىرى يىتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساھىبخانا پادىشاھمۇ

ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىپتۇ. ساياھەتچى پادىشاھ:

— بۇ گۆھەر ئۇچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىتتى. ئۇچى-
مىزنى بىر يەرگە دەرقەمتە قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا سۇ-
رۇشتە قىلىپ تېپىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ.

— ۋاي ھەزرەتلىرى، شۇنداق قىلمامدىغان، بۇنىڭغا چوقۇم
كۈچ چىقىرىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ ساھىبخانا پادىشاھ. ئۇ سا-
ياھەتچى پادىشاھنى ئۇزىتىپ قويۇپ، بۇ گۆھەرنىڭ بىزنىڭ
شەھىرىمىز تەۋەسىدە يىتكىنى تولىمۇ سەتچىلىك بوپتۇ، بۇ
بىزنىڭ شان - شۆھرىتىمىز، ئابرۇي - ئىناۋىتىمىزگە مۇ-
ناسىۋەتلىك ئىش، دەپ ئويلاپتۇ، ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپ-
تۇ، ئۇچەيلەننى دەرقەمتە قىلماسلىق شەرتى بىلەن گۆھەرنى
تېپىشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ، تولا ئويلاپ ئورۇقلاپ كې-
تىپتۇ، بارا - بارا تاماقمۇ يېيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ساھىبخانا پادىشاھنىڭ شەھەربانۇ دېگەن پەم - پاراسەت-
لىك بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ كەيپىياتىنىڭ
كۆنسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بىر كۈنى
شاھ قەسرىگە كىرىپ:

— ئى ھۆرمەتتە تەڭدىشى يوق پادىشاھىئالەم، يېقىندىن
بۇيان تاۋىلىرى يوق، چىرايلىرى سولغۇن، كۆڭۈللىرى يېرىم،
خىيالچان كۆرۈنىلا، نېمە ئىش كۆڭۈللىرىنى مالال ئەتتى؟
نېمىگە شۇنچە باش قاتۇرىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئۆزى
ئۇچۇن كۆيۈنگەن بۇ شەپقەتلىك كېنىزەككە بولۇپ ئۆتكەن
ۋەقەنىڭ جەريانىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇشۇنچىلىك ئىشقا شۇنچە غەم يەپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە
قىپلا، بۇنى ھەل قىلىش ئاسان ئىدى. مەن بۇ ئۇچەيلەننى
بىر يەرگە دەرقەمتە قىلماي تۇرۇپ ھەل قىلىمەن. ئالدى بى-
لەن سىلى ماڭا بۇ مېھمانلار بىلەن تونۇشۇشۇمنىڭ شەرىپى ئۇ-

چۈن بىر زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بەرسىلە، ـ دەپتۇ شەھەربانۇ.

پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمانلارنى چاقىـرىپتۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، شەھەربانۇ ئۈچ [illegible] ماندىن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن «قېنى، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دەپ شەھەربانۇنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شەھەربانۇ ھېكايە باشلاپتۇ:

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر چارباغى بار ئىكەن. بۇ باغنى شاھىنىڭ بىر سادىق باغۋىنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. باش ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىچىك قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ باغقا سەيلىگە كەپتۇ. قىز گۈللۈككە كىرىپ ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر تال چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپتۇ، گۈل ئۆزىنىڭ چىرايلىقـلىقى ۋە خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن قىزنىڭ مەيلىنى تارتىۋاپتۇ.



قىز باغۋەننىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— ئاۋۇ گۈلنى ماڭا ئۈزۈپ بېرىڭا، — دەپتۇ. باغۋەننىڭ ئوغلى شاھنىڭ قىزىغا چاقچاق بىلەن:

— سىزنىڭ مەيلىڭىز گۈلگە قانچىلىك چۈشكەن بولسا، مېنىڭ مەيلىممۇ سىزگە شۇنچىلىك چۈشۈۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ ۋە گۈلنى ئۈزۈپ قىزغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ياش گۈلزارلىقتا كەلگۈسىدە بىرگە ئۆتمەكچى بولۇپ ۋەدىلىشىپتۇ.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە تۆت - بەش يىل ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ قىزنى ئۆزىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك بىر پادىشاھنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى قىرىق كۈن داۋام قىپتۇ. قىز - يىگىتلەر تويى بولغان قىزنى ھۇجرىغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ قويۇپ كېتىشىپتۇ. قىز بىلەن شاھزادە يالغۇز قاپتۇ. قىز شاھزادىگە:

— ئالدى بىلەن مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي، — دەپتۇ، — مەن بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل بۇرۇن بىر باغۋەننىڭ بالىسى بىلەن ئۆمۈرلۈك جورا بولۇشقا ۋەدىلەشكەندىم، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەنمۇ، قىلمايمەنمۇ؟

شاھزادە بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئويلاپتۇ، بىرپەستىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك، ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ۋىجدانلىق ئادەم ھېسابلانمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمىسە، بۇ ئىشنى قانداق قىلىمەن؟

— بېرىڭ، سىزگە ئىجازەت بەردىم، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

قىز ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، شۇ كېچىدىلا باغۋەن يىگىت تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر

توپ قاراقچى قىزنى تۇتۇۋېلىپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، ياۋۇز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئىككى مۇشتۇمىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ:

— بۇ تەرەپلەردە نېمە كويدا يۈرگەن قىزسەن؟ — دەپ سوراق قىپتۇ.

قىز كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى بىر قۇر بايان ئەيلەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئاندىن قىزغا:

— ھىم، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ ياخشى ئىش قىپسەن. مەنمۇ ساڭا تىلەكداش، تېزدىن ۋەدە قىلغان يىگىتىڭنىڭ يېنىغا بار، — دەپ قىزنى قويۇپ بېرىپتۇ.

قىز يەنە يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، ئاخىر گۈلزارلىق باغقا يېتىپ كەپتۇ. باغۋەن يىگىتنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. يىگىت ئۆيدىن چىقىپ قىزنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— ۋوي، — دەپتۇ يىگىت، — سىزنى دادىڭىز بىر شاھزادىگە ياتلىق قىلغاندىغۇ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— شاھزادە ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، سىزنىڭ بولۇشۇمغا ئىجازەت بەردى، — دەپتۇ قىز.

باغۋەن يىگىت:

— مەن سىزنىڭ ۋە شاھزادىنىڭ سەممىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى. مەن سىزنىڭ ئۆز شاھزادىڭىز بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

شەھەربانۇ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئەمدى سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، شاھزادە، باغۋەن يىگىت ۋە قاراقچىدىن قايسىسى مەرد؟ — دەپتۇ ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى ئۈچەيلەنگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ

ئۇچەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ: «سەن دەپ باق»، «سىلى دەپ باقسىلا» دېيىشىپتۇ. ئاقىۋەت پادىشاھ سۆز ئېلىپ:

— مەنچە بولغاندا شاھزادە مەرد، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى نۇرغۇن پۇل، دۇنيا خەجلەپ، كاتتا تەييارلىقلار بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بەردى، ئەمما شاھزادە قىزنىڭ تەلىپى بويىچە، ھەتتا تۇنجى ئاخشامدىكى ۋىسال شەربىتىدىن كېچىپ قىزنى ئۆزلۈكىدىن باغۋەن يىگىتكە ئۆتۈندى، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۇندىمەي خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇلازىم سۆز ئېلىپ:

— بۇلار پادىشاھنىڭ قىزى، پادىشاھنىڭ ئوغلىكەن، ئۇلار ئەلۋەتتە شۇنداق كەڭ قورساق بولۇشلىرى كېرەك. باغۋەن يىگىتنى مەرد دېيىش كېرەك، چۈنكى قىزنىڭ باغۋەن يىگىتكە ئوتتەك مەيلى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

شەھەربانۇ لام - جىم دېمەي ئولتۇرغان ۋەزىرنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىپ چىقىپ:

— تەقسىر، سىلىچىچۇ؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭچە... — دەپتۇ ۋەزىر دۇدۇقلاپ، — يولدىكى قاراقچى يامان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قولغا كەلگەن تەييار ئولجا ئالدىدا كەڭ قورساقلىق قىلىپ: «بار، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل» دەپ قويۇۋەتكەندىكىن، قاراقچى يارايدىكەن.

ۋەزىرنىڭ ئەندىشىلىك قىياپىتى شەھەربانۇدا چوڭ بىر گۇماننى پەيدا قىپتۇ. شۇڭلاشقا، پادىشاھ بىلەن مۇلازىمنى سارايدىن چىقىرىۋېتىپ، ۋەزىرنى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ قاپتۇ. ئەمما، ئاچ كۆز ۋەزىر ئىچىدە، بۇ شەھلا كۆزلۈك، زىلۋا بويلۇق مەلىكىنىڭ كۆڭلى ماڭا چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

بولمىسا، نېمىشقا ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىپ، مېنى يالغۇز ئېلىپ قالىدۇ؟... دەپ ئويلاپ خۇشال ۋە مەغرۇر ئولتۇرۇپتۇ، شېرىن خىياللارغا چۆمۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا شەھەربانۇ كېنىزەكلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ تاپىلاپتۇ:

— ئويۇن باشلانغاندا سازنى شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە چالىسىلەر. ئۆزۈم ئۇسسۇلغا چۈشىمەن. ئويناپ بېشىم قايغاندا بىرىڭلار قۇچىقىغا يىقىلىمەن. سىلەر: «ۋاي خېنىكەم، ۋاي خېنىكەم» دەپ يىغلاپ بىسەرەمجان بولىسىلەر. شۇ سەدپاردچىلىكتە بىرىڭلار: «مەلىكىگە گۆھەرنى چايقاپ سۇيىنى ئى-



www.uyghurkitap.com

چۇرسەك ساقىيىپ كېتەتتى، گۆھەر ئەكېلىڭلار» دەپ چۇقان سالىسىلەر. شۇنداق قىلىپ، مېھمانىنىڭ كۆڭلىنى ئاچمىز.

شۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نەغمە قىزىپ كېتىپتۇ. شەھەربانۇ راسا شوخ ئۇسسۇل ئويناپتۇ، ساز ئەۋجىگە چىقىپتۇ. شەھەربانۇ پىر - پىر قىراپ كېلىپ، بىر كېنىزەكنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ. كېنىزەكلەر: «ۋاي، خېنىمكەم ھوشىدىن كەتتى» دەپ ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپتۇ، يىغا - زار قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيىشىپتۇ. شەھەربانۇنىڭ شوخ ئۇسسۇلىغا، كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، قاش ئېتىپ ئويناشلىرىغا ئۆزىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ كەتكەن ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— مەلىكىگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولمىدى، گۆھەرنى چايقاپ سۈيىنى ئىچۈرۈۋەتسەك، ساقىيىپ كېتەتتى، — دەپتۇ بىر كېنىزەك.

— خەزىنىگە بېرىپ گۆھەر ئېلىپ كەلگۈچە مەلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق، ۋاي ئىسىت، چىرايلىق مەلىكەم، — دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ راسا قاملاشتۇرۇپ يىغلاپتۇ يەنە بىر كېنىزەك.

ھودۇقۇپ كەتكەن ۋەزىر قويۇن يانچۇقىدىن گۆھەرنى چىقىرىپ:

— ۋاي، مانا گۆھەر، مەلىكىنى دەرھال قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دەپ كېنىزەكلەرگە سۇنۇپتۇ.

شەھەربانۇ گۆھەرنى ئۆز پادىشاھىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ساياھەتچى پادىشاھ يوقالغان گۆھىرىنى قولىغا ئېلىپ خۇشال بولۇپ:

— بۇ قىز ھەقىقەتەن يەم - پاراسەتلىك ئىكەن، — دەپ مەمنۇن بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# قەلەندەرنىڭ پادىشاھ بولۇشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ تولىمۇ زالىم ئىكەن، خەلقتىن ئالىدىكەنۇ، خەلققە ھېچ نەرسە بەرمەيدىكەن. پادىشاھ شۇنداق قىلىپ، بايلىق يىغىپ خەزىنىسىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت ـ مەرۋايىت بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ، خەلق ئاچ ـ زار، يېلىڭ ـ يۇپۇڭ يۈرىۋېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ تاجىنى كىيىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قەلەندەر ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرگە سەدىقە بېرىپ ئوردىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغانىكەن، قەلەندەر ئۇنىماي تۇرىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، قەلەندەردىن سوراپتۇ:

— ھەي قەلەندەر، يەنە نېمىگە تۇرىسەن؟

قەلەندەر ئۈنچىقماپتۇ، پادىشاھ يەنە سوراپتۇ. قەلەندەر:

— مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى، بىراق بۇنى سىزگە دېيىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقۇشقا قىزىقىپ:

— قورقما، ئارزۇيۇڭنى دېگىن، — دەپتۇ. قەلەندەر يەنە:

— ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەلەندەر شۇنداق دەپتۇ:



— ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، پادىشاھ بولۇپ، يۇرت سوراپ بېقىش. سىزگە مالال كەلمىسە، شاھلىقىڭىزنى قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ماڭا بەرسىڭىز.

پادىشاھ ئويلىنىپ قاپتۇ، ئىچىدە، بۇ قەلەندەر نېمە قىلاركىن، بىر كۆرۈپ باقاي، دەپتۇ ـ دە، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خەت ـ توختام قىلىپ مۆھرىنى بېسىپ، پادىشاھلىقىنى قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن قەلەندەرگە بېرىپتۇ. قەلەندەر شاھقا تەزىم قىلىپ، شاھلىق تاجىسىنى ئاپتۇ.

قەلەندەر شاھلىق تاجىسىنى كىيىپ، تەختكە چىققان كۈنىلا، ئۆز تەۋەسىدىكىلەرگە: «قىرىق كۈنگىچە ئوچاقتا ئوت قالىمايسىلەر، بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلساڭلار، گۇناھىڭلاردىن ھەرگىز ئۆتمەيمەن. بارلىقىڭلار يىغلىپ ئوردىغا كېلىسىلەر» دەپ جاكارلاپتۇ. يېڭى شاھنىڭ ئەمرى يۇرت ـ يۇرتقا تارقىلىپتۇ. پۇقرالار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ بىلىپ، ئوت قالى-

ماپتۇ، ھەممىسى يىغىلىپ سەپ ـ سەپ بولۇپ ئورنىغا كەپ-تۇ. پادىشاھلىق تاجىنى كىيگەن قەلەندەر نورغۇن مال سو-يۇپ، قازان ئېسىپ، ھەممە كىشىنى قىرىق كۈنگىچە تالاي مېھمان قىپتۇ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت ـ مەرۋايىتلارنى تارقىتىپ بېرىپتۇ.

قىرىق كۈن توشقان كۈنى ھېلىقى زالىم پادىشاھ يېڭى شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، توختامنى كۆرسىتىپ:

— قىرىق كۈن توشتى، ۋەدە بويىچە پادىشاھلىقىمنى قايتۇر، — دەپتۇ. يېڭى پادىشاھ:

— شاھلىقنى قايتۇرۇش ـ قايتۇرماسلىقنى پۇقرالاردىن سورايلى، — دەپ كونا پادىشاھنى باشلاپ، ئوردا ئەتراپىغا يى-غىلغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ سورىغانىكەن، كۆپچى-لىك: «يېڭى پادىشاھىمىز ئادىل ئىكەن، پادىشاھ بولۇۋەرسۇن!» دەپ چۇرقىرىشىپتۇ. كونا پادىشاھ قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. قەلەندەر يەنە پادىشاھ بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ.



# زېرەك بىلەن زېرىككەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتا - بوۋام زامانىسىدا باشقا - باشقا ئىككى جايدا بىرى ياشقا تولغان، بىرى باشقا تولغان ئىككى ئادەم بولغانىكەن. كىچىكىنىڭ لەقىمى زېرەك، چوڭىنىڭ لەقىمى زېرىككەك ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زېرىككەك شەھەرگە سودىغا مېڭىپتۇ. يولدا كېتىپ بارسا، ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق يىگىت ناخشا ئېيتىپ كېلىپ قوشۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى زېرەك ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپتۇ زېرەك. زېرىككەك لام - جىم دېمەپتۇ.

بۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، زېرىككەك زېرىكسىمۇ زېرەككە زادى قارىماپتۇ، يول زادى ئاۋۇماپتۇ. ئاخىر زېرەك:

— تاغا، يول ئۇزىراپ كەتتى، ھېرىپمۇ كەتتۇق، يولنى قىسقارتمايلىمۇ؟ — دەپتۇ. زېرىككەك ھەيران بولۇپ:

— ماۋۇ تېتىقسىزلىقنى، يولنى قانداق قىسقارتقىلى بولىدۇ؟! — دەپ خاپا بوپتۇ. زېرەك:

— مېنىڭ گېپىم تېتىقسىز ئەمەس ئىدى. خەير، ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇلار يەنە مېڭىپتۇ، لام - جىم دېيىشمەپتۇ، سەپەر يەنە كېلىشمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېتىپ بارسا، بۇلارغا يول بو-

يىدا تازا ئوخشىغان بوغدايلىقلار ئۇچراپتۇ. زىرەك بوغدايلارغا زوقلىنىپ قاراپ:

— تاغا، مۇشۇ بوغدايلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. زىرىككەك خاپا بولۇپ، تېرىكىپ كېتىپتۇ.

— بەللى - بەللى، ئەقلىڭگە بارىكاللا ! ئەمىسە دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرمەي، شۇنچە بوغداينى چاشقان توشۇپ كېتەرمىدى؟! — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ. زىرەك تېرىكمەستىن:

— گەپنىڭ تېگى چاشقاندا ئەمەس، چاشقاندىنمۇ ئاشقاندا، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ. زىرىككەك:

— بەس، ئەمدى ئېيتىشماق — قاملاشمىغان تېپىشماق، — دەپتۇ - دە، ئۇزاقتىچە گەپ قىلماي مېڭىپتۇ. زىرەك يانداپ مېڭىپ:

— ئىنىڭىز سىزگە ھەمراھ، زىرىكمەڭ، — دەپ ئاستا يەنە كىلىشتۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار يەنە مېڭىپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ، قارىسا، بىر توپ خالايىق جىنازا كۆتۈرۈپ، چىرايىدا غەم، كۆزلىرىدە نەم، تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كۆرگەن زىرەك چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتىپ:

— تاغا، ئاشۇ جىنازىدىكى ئۆلۈكمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ھەممىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ، زىرىككەكنىڭ ئاچچىقىمۇ تېرىلىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ - دە:

— ھە، ئەخمەقنىڭ بوۋىسى مانا ئەمدى چىقتى. ئۇكا، سېنى بالىمىكىن دېسەم، ساقىلىڭ چىقىپ قاپتۇ، قېرىپ ئالجىدىمىكىن دېسەم، تېخى ياش تۇرىسەن. لېكىن، ياش بولساڭمۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئەخمەقلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىپسەن. جىنازىغا كىرگەن ئۆلۈك بولماي، تىرىك بولامدۇ؟ خۇدايا پەرۋەردىگار، ئەخمەقلەرگە يولۇقۇشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! — دەپ،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«چۇھ» دەپ ئېتىنى قامچىلاپ قاچقىلى تۇرۇپتۇ. زىرەك ھەيران بولۇپ:

— توختاڭ، تاغا، توختاڭ! قانداقلىكى بولمىسۇن، بىرقانچە كۈن ھەمسەپەر بولۇپ قالدۇق، خوشلاشماي ئايرىلىش نامەردلىك. ئۆيىڭىزگە ئالدىرامسىز؟ — دەپتۇ. زىرىككەك توختاپتۇ، «ئۆي» دېگەن سۆزىدىن بىرنەرسىنى ئويلاپتۇ. راست، ھەر قانداق بولسا، بىرقانچە كۈن ھەمراھ بولدۇق. ئەمدى ئۆيۈمگە يېقىن كەلگەندە تاشلاپ كەتسەم سەت بولار. ئۇغۇ بىر ئەخمەق، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بىر پىيالە چاي بېرىپ ئاندىن يولغا سالاي، دېگەن خىيالغا كەپتۇ.

— ئۇكا، ئەمدى ئەخمىقانە سۆزلىرىڭنى قوي، جۇمۇ. ماۋۇ بولسا شەھەر. سېنىڭ سارائغا ئوخشاش سۆزلىرىڭنى خەقلەر ئاڭلاپ قالسا، ئۇيات بولىدۇ. خەير، ئۆتكەن سۆزلەرنى تەگىمەيلى. سەپىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى، ئەمدى سەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بىر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭغىن، يۈر، — دەپتۇ. زىرەك:

— رەھمەت، تاغا، كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك ئىستىگىنىڭىزگە. مەن مۇشۇ بوستاندا بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، سالقىن چۈشەرگە يېقىن يولۇمغا چۈشۈۋالاي، — دەپ زىرىككەكنىڭ ئۆ-



www.uyghurkitap.com

يىگە يېقىن بىر ئۆستەڭ بويىدا قاپتۇ. زېرىككەك يەنە بىر تەكلىپ قىلا ـ قىلمايلا زېرىكىپ: «خەير» دەپتۇ ـ دە ئالدىرالىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە بېرىپ چېيىنى ئىچە ـ ئىچمەيلا: «ئەستاغپۇرۇللا !» دەپ غودۇڭشىپتۇ. خوتۇنى:

— يەنە نېمە ئەستاغپۇرۇللا؟ — دەپ قىستاپ سوراپتۇ. زېرىككەك:

— سەن بۇنى سورىماي، ئاشقا تۇتۇش قىل، مەن يولدا بولغان بىر ئىشقا مۇشۇ تۇرقىدا ئۆيدە تۇرۇپمۇ تېرىكىۋاتىمەن ... — دەپتۇ. خوتۇنى:

— ئاشنى قىزىم ئېتىۋاتىدۇ، يولدا نېمە ئىش بولغاندى؟ — دەپ تېخىمۇ قىستاپتۇ. ئېرى يا زېرىككىنىنى بىلەلمەي، يا تېرىكىشىنى بىلەلمەي، ئاخىر زېرەكنىڭ يولدا ئېيتقان سۆزلىرىنى خوتۇنىغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنمۇ: «ۋىيەي، راستلا، بۇ قانداق گەپ؟ !» دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

زېرىككەكنىڭ دۇنيالىقتا بارى ـ يوقى بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن. ئۇ قىز تاماق قىلغاچ، دادىسىنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەممە «غەلىتە» سۆزلىرىنى ئاڭلىۋاپتۇ، مەستلىكى كېلىپ، ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ گېپىنىڭ بىر يېرىدىكى: «ئۆزى بولمىسا، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان... ناھايىتى ئىسكەتلىك يىگىت ئىكەن...» دېگەن سۆزلىرىدىن قىيامىغا يېتىپ قالغان بويىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاپتۇ. دادىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: «دۇنيادا شۇنداق ئەخمەقلەر بولىدىكەن» دېگەن ۋاقىتلىرىدا، قىز: «ياق، دادا، ئۇ دانا يىگىت !» دەي دەپ يەنە سۆزىنى توختىتىۋاپتۇ، كېيىن، ئۆزۈمۇ بىر سىناپ باقسام... دەپ كۆڭلىگە بىرنەرسىنى پۈكۈپتۇ. ھاردۇق ئېشىنى

دادىسىغا ئۇسۇپ ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئاندىن: «ھەرنېمە بولسا مۇساپىر ئىكەنغۇ» دەپ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئاشتىن بىر قاچا ئۇسۇپ، بىر نان بىلەن ئۇستىنى يېپىپ، قوشنىسىنىڭ بالىسىدىن يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ، ئەۋەتكەندە، دەرۋازا ئالدىدا بالىغا يېقىن تۇرۇپ، ئاستا: «ئۇكام، سەن بۇ غىزانى ئاۋۇ... ئۆستەڭ بويىدىكى... يولۇچى ئادەمگە، سىلى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ قىزى ـــ ئاچام ئەۋەتتى، دەپ بەرگىن. نېمە دەپ بەردى، دېسە، ئاسماندا يۇلتۇز تولۇق، ئاي پۈتۈن، دەپ بەردى، دېگىن. ئاشنى ئىچىپ بولغاندا، قاچىنى ياندۇرۇپ كەلگىن. ياناردا ئۇ ئاكاڭ ساڭا نېمە دېسە، شۇنى ئۇنتۇماي ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دەپ ئوبدان جېكىلەپ ئەۋەتىپتۇ.

بالا يولدا كېتىپ بېرىپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قا-رىسا، يۇمغاقسۇتلۇك ئوخشىغان چۆچۈرە، ئۇستىدە سىيادانلىق يۇمشاق نان... ئۇ بالىنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىنمۇ يا ئوبدان كۆرگەنلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، چۆ-چۈرىدىن بىرقانچىنى ھېلىقى ناننىڭ يېرىمى بىلەن يەپ، قالغان يېرىم نان بىلەن ئاشنىڭ ئۇستىنى يەنە يېپىپ، چاڭ-دۇرماي ھېلىقى يولۇچىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. يىگىت بىر خۇ-شال، بىر ھەيران بولۇپ، ئاشنىڭ ئۇستىنى ئېچىپتۇ، بالى-دىن ھېلىقى ئېيتىپ بەرگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاشنى ئىچىپتۇ، قاچىنى قايتۇرۇردا:

ـــ ئۇكام، رەھمەت! ئەمدى سەن بارغاندا، ئاچاڭ، نېمە دېدى، دېسە، كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، يۇلتۇز كەم، ئاي يې-رىم، دېدى، دېگىن، ـــ دەپتۇ. بالا ئىشنىڭ چېنىپ قالمىغى-نىغا خۇشال بولۇپ، يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاچىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز: «ھە...» دەپ كۈلۈپتۇ ـ دە، بالىنى يۇمشىتىپ چىرايلىقچە سوراپتۇ، سورىغاندا، بالا بىر ئاز

www.uyghurkitap.com

قىزىرىپ، ئاخىر يولدا بارغۇچە چۆچۈرىدىن بىرقانچىسى، ناد-نىڭ يېرىمىنى يەۋېلىپ، قالغىنىنى ئاپارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئاندىن يىگىتنىڭ ئەقىللىق، زېرەك يىگىت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، قانداق قىلسام ئۇ يىگىتنى بىر كۆرەر-مەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، دادىسى يەنە ھېلىقى يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىپ كېلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا: «دۇنيادا شۇنداقمۇ ئەخمەقلەر بولىدىكەن...» دەپ كۈلۈپتۇ. قىز ئەمدى تۇرالماي:

— دادا، كۈلمەڭ. مەن ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگى-گە يەتتىم، سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، ئېيتىپ بەرسەم. ئۇ يى-گىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى جايىدا، ناھايىتى مەنىلىك سۆزلەر ئىكەن، — دەپتۇ. ئاتا قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا-ئاڭلىماي يەنە زېرىكىپتۇ، ھەيران بولۇپ تېرىكىپتۇ:

— ھە... مانا، ئانىسى، سۆزلىرىنى بىرلا ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى بۇ قىزىمىزغا يۇقۇپتۇ، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئانا:



— قېنى، توختاپ تۇرسىلا، ئاڭلاپ باقايلى، قىزىمىزمۇ بىر-نەرسىنى بىلىپ ئېيتقاندۇ، — دېيىشىگە، ئاتا:

— ھە، ئەخمەقلىق تېخى ساڭىمۇ يۇقۇپتىكەن - دە، — دەپ تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

قىز ئۆز گېپىدىن يانماي، تېخى-مۇ چىڭىپ:

— ئاتا، مېنىڭمۇ سۆزۈمنى بىر تىڭشاپ باقسىڭىز ... — دەپ

ئىلتىجا بىلەن يېلىنىپتۇ. ئاتا ئاخىر:
— خەير، قېنى دانىشمەن بولساڭ، شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سەنمۇ بىر ئېيتىپ باق ! — دەپتۇ. ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش بىلەن، قىز:
— «يولنى قىسقارتامايلىمۇ؟» دېگىنى — ھېكايە - چۆچەك ئېيتىشىپ، مۇڭدىشىپ ماڭايلى، دېگىنى؛ «ئاشۇ بۇغدايلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرەرمۇ؟» دېگىنى — بۇغدايلارغۇ ئەمگەك بىلەن شۇنچە ئوخشاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ھوسۇلى كۆزدە باي - غوجاملارغا قەرزگە، قالغان - قاتقىنى ئامبال بىلەن رەممالغا كېتىپ، دېھقانغا يەنە ھېچنېمە تەگمەي قالارمۇ دېگىنى؛ «جىنازىدىكى ئۆلۈكمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟» دېگىنى — شۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ بالىلىرى بارمىدۇ يا بولمىسا ئارقىسىدا قالغان ياخشى كىشىلەرمۇ يوق، ئوبدان ئىشلارمۇ يوق، ھەقىقىي ئۆلۈكمىدۇ دېگىنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاتا بۇ قىيتىمقى گەپلەرنى زېرىكمەي ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، قىزى قىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتىپ قايىل بوپتۇ. ئانىمۇ قىزىنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىگە يېقىپ:
— ھوي جېنىم بوتام، ئەقلىڭدىن ئۆرگۈلسۇن ئاناڭ ! — دەپ باغرىغا بېسىپتۇ. شۇ يەردىن ئاتا ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ:
— ئىنىم، سەن خىزىر قوشقان ھەمراھ ئىكەنسەن، بىلمەپتىمەن ! — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ، بىر نەچچە كۈن مېھمان قىپتۇ. قىز تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى يىگىت:
— ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم، — دېگەنىكەن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى:
— جېنىم بالام، ئەمدى سەن يالغۇز بېشىڭنى ئېلىپ نەگە بارىسەن؟ ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت، بەرىبىر ئۆز يۇرت.... ئەمدى سەن بىزگە... ئوغۇل بولۇپ قالغىن، — دەپ يېشانىلىرىگە سۆيۈپ ئېلىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# پەملىك رەسسام

ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىكەن. ئەمما ئۇ تولىمۇ ئىسكەتسىز ئىكەن. ئۇنىڭ سول پۇتى ئوڭ پۇتىدىن كالتە بولۇپ، يول يۈرسە ئاقساپ، دىڭگوسلاپ ماڭىدىكەن، سول كۆزى جىرتاق بولۇپ، قارىسا خۇددى بىرنەرسىنى پەملەۋاتقان ياكى ئۆلچەۋاتقان كىشىدەك ھەمىشە قىسىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ ئاسماقچى بوپتۇ ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۆز تەۋەسىدىكى داڭلىق، ئۇستا رەسساملارنى ئوردىغا ئەكېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۈچ داڭلىق رەسسامنى تېپىپ ئوردىغا ئەكەپتۇ. پادىشاھ رەسساملارنى كۆرگەندىن كېيىن:

— مەن ئۆز رەسىمىمنى سىزدۇرۇپ ئاسماقچىمەن، شۇڭا سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كەلدىم. شەرتىم شۇكى، ئالىدىغان يېرىمۇ، سالىدىغان يېرىمۇ يوق، ئەينەن، چىرايلىق بولسۇن. ئەگەر بۇ شەرتكە خىلاپلىق قىلساڭلار، كاللاڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن! ئەگەر قايسىڭلارنىڭ سىزغىنى ماڭا يارىسا، چوڭ مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولىسىلەر، — دەپتۇ.

رەسساملار ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قەغەز، قەلەم، سىياھ، كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. ئالدى بىلەن بىر

رەسسام پادىشاھنىڭ رەسىمىنى پۈتتۈرۈپتۇ. رەسسام پادىشاھنى سول پۇتىدىن ئوڭ پۇتى كالتە، سول كۆزىنى جىرتاق قىلىپ ئەينەن سىزغانىكەن، پادىشاھ ئۆز رەسىمىنى كۆرگەندىن كې-يىن ئاچچىقلىنىپ چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ، قۇلاقلىرى قىزى-رىپ دىڭگىيىپتۇ، غەزەپتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كې-تىپتۇ ۋە رەسسامغا قاراپ:

— سەن ئىپلاس مېنى ھاقارەتلەيسەن، مەن مۇشۇنداق سەتمۇ؟! — دەپ رەسسامغا ھۆرپىيىپتۇ. رەسسام قورققىنى-دىن لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ يانغا قاراپ.

— لەببەي، تەقسىر، قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان! — دەپ، قوللىرىغا قىلىچ ۋە پالتا تۇتقان تۆت جاللات ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا ھېلىقى رەسسامنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇ يەردىلا جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئىككىنچى رەسسام ئۆز كۆڭلىدە، پادىشاھنى ئەينەن سىزسام، مېنىمۇ ئۆلتۈرمىسۇن، چىرايلىقراق قىلىپ سىزسام، بەلكىم ئامان قالارمەن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئىككى پۇتىنى تەڭ ۋە كۆزلىرىنى راۋۇرۇس، چىرايلىق قىلىپ سىزىپتۇ ۋە رە-سىمنى پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ رەسىمنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ - دە:

— مەن ساڭا نېمە دېگەنىدىم، مۇناپىق، ئالدامچى! سەن مېنىڭ شەرتىمنى بۇزدۇڭ، سەنمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپتۇ-دە، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ كاللىسىنىمۇ دەر-ھال تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئۈچىنچى رەسسام چۆچۈپ تېپىرلاپ قاپتۇ - دە، ئويلى-

ـنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، پادىشاھ ئەينەن سىزىسىمۇ ئۆلتۈرسە، چىرايلىق قىلىپ سىزسىمۇ ئۆلتۈرسە، قانداق سىزىش كې-رەك؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ شۇنداق رەسىم سىزىپتۇكى، رەسىمدە، پادىشاھ ئوۋ قىلىشقا چىققاندا ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچرىغان بولۇپ، پادىشاھ كې-يىكنى ئېتىش ئۈچۈن قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ، سول پۇتىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزى قىسىلغان ھالدا، ئوڭ كۆزى بىلەن كېيىكنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ھا-زىرلانغان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ سول پۇتىنىڭ كالتىلىقى ۋە سول كۆزىنىڭ قىيسىقلىقى مەلۇم بول-ماي، رەسىم ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا گۈزەل چىقىپتۇ. بۇنى پادىشاھ كۆرۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە:

— مانا بۇ ھەقىقەتەن جايىدا بوپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ رەسسامغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ يولغا سېپتۇ.



# دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە ئادىل ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئوقۇمۇشلۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، پاراسەتلىك، خەير ـ ساخاۋەتلىك، پاك ـ دىيانەتلىك ئىكەن، يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇللارغا يۆلەكچىكەن، ئىچى تار، ھەسەتخور، غەيۋەتخور كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسى بۆلەكچىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن شەھەردىكى خەلق رازى ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئەھلىلىرى بىلەن ئوردا خىزمەتلىرى ئۈستىدە كېڭىشىۋاتسا، بىر دىۋانە ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەپتۇ ـ دە، پادىشاھقا تىزلىنىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئەسسالام، ئەي پادىشاھىم، دەريا ئەزىمدۇر ھىممىتىڭ، دۈشمەنلىرىڭ خارۇزار بولسۇن، كامالەت تاپسۇن قۇدرىتىڭ، ئامىن! — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ ئوردىغا ھېيىقماستىن كىرىپ نەزم ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، دىۋانىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ سەپىرىڭ قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرىدىن كەلدىم، لاماكانغا بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىۋانە.

پادىشاھ گەپ ـ سۆز قىلماستىن دىۋانىگە بىر قاراپ قويۇپتۇ ـ دە، باش كىيىمىنى ئۆڭشىغان بولۇپ بېشىنى تۇتقانىكەن،

دىۋانە ئاغزىنى تۇتۇپتۇ؛ پادىشاھ يۈزىنى سىلىغانىكەن، دىۋانە قورسىقىنى تۇتۇپتۇ؛ پادىشاھ ئالتۇن كەمىرىنى ئۆكشىغان بو-لۇپ قورسىقىنى تۇتقانىكەن، دىۋانە دەرھال پۇتىنى تۇتۇپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە خەزىنىدارغا:

ــ سىز بۇ كىشىگە يەتتە لىگەن ئالتۇن بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇڭ، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ئوردا ئەھلى ھەيران قاپتۇ. ئوردىدا ھەسەت-خور، ئۆزى تويسا كۆزى تويمايدىغان، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر ۋەزىر بولۇپ، پادىشاھنىڭ دىۋانىگە قىلغان خەير - ساخاۋى-



تىدىن كۆزى قىزىرىپ، ئىچى ئېچىشىپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— شاھىم، بىر دىۋانىگە بىكاردىن - بىكارغا يەتتە لېگەن ئالتۇننى بېرىۋەتتىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ ئىلىم - ھېكمەتتە يېتىشكەن، دانىشمەن كىشىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا يەتتە لېگەن ئالتۇن ئىنئام قىلدىم.

— شاھىم، بىھۆرمەتلىك بولسىمۇ سوراپ باققۇم كەلدى، ئۆزلىرى ئۇنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلىكىن؟ — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن سورىغان مەسىلىلەرگە ئۇ توغرا جاۋاب بەردى، شۇڭا ئىنئام بېرىش زۆرۈر كەلدى، — دەپتۇ. شاھنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگەن ۋەزىر:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەك بولمىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز، ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دىۋانىدىن سورىغان مەسىلىلەرگە ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئوردىدىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ ئالدىدا تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ ئوردىدىن چىقىپتۇ ۋە دىۋانىدىن پادىشاھنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى ۋە دىۋانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ۋەزىر ئاتلىق خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن دىۋانىگە يېتىشىپتۇ - دە:

— ھەي دىۋانە، پادىشاھ ساڭا نېمە دېدى؟ سەن نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دىۋانە ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ:

— تەقسىر، شاھىم مەندىن سوئال سورىغاندا سىلىمۇ بار ئىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر سەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ يەنە دىۋانىگە ھەيۋە قىلىپ:

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، زادى پادىشاھ ساڭا نىمە دېدى؟ سەن نىمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. دىۋانە تەمكىنلىك بىلەن:

— تەقسىر، پادىشاھ ماڭا يەتتە لىگەن ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئەگەر سىلى راستىنىلا پادىشاھنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى، مېنىڭ نىمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەكچى بولسىلا، ئالدى بىلەن سىلىمۇ يەتتە لىگەن ئالتۇن بەرسىلە، — دەپتۇ. ۋەزىر ئائىلاج دىۋانىگە يەتتە لىگەن ئالتۇن بېرىپتۇ. دىۋانە ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن:

— پادىشاھ مەندىن ئىشارەت بىلەن بىرىنچى قېتىم: «باش نىمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ئېغىزدىن» دەپ جاۋاب بەردىم؛ ئىككىنچى قېتىم: «يۈز نىمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «نەپسانىيەتچىلىكتىن» دېدىم؛ ئۈچىنچى قېتىم پادىشاھ: «قانداق كىشىنىڭ قورسىقى ئاچ قالمايدۇ؟» دېگەنىدى، مەن: «پۈتىنى ئىتتىك قىلغاننىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم، — دەپتۇ - دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ۋەزىر دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بەرگەن ئالتۇنىغا ئىچى ئېچىشىپ، ئالتۇننى تارتىۋېلىش غەرىزىدە دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپتۇ ۋە ئات ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە:

— ھەي دىۋانە، مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلىسەڭ، يولۇڭغا ماڭىسەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئالتۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىسەن، — دەپتۇ. دىۋانە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— تەقسىر، قانداق يەردە سوئال سورىغۇچى ئات ئۇستىدە، جاۋاب بەرگۇچى يەردە تۇرىدىكەن؟ — دەپتۇ.

پۇتۇن ئەس - يادى ئالتۇندا قالغان ۋەزىر، مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بىرەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ھاپىلا - شاپىلا ئاتتىن چۈشۈپ، دىۋانىگە ئىپتى بىلەن قامچىسىنى بېرىپتۇ. دىۋانە ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ:

— تەقسىر، قېنى، قانداق سوئال سورايلىكىن؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قانچە كۈنلۈك يول؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاران بىر كۈنلۈك يول، — دەپتۇ دىۋانە.

— سەن تۇتۇلدۇڭ، مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىسى نەچچە يۈز يىللىق يول تۇرسا، بىر كۈنلۈك يول دەيسەنغۇ؟ — دەپتۇ ۋەزىر.



www.uyghurkitap.com

— تەقسىر، ئۆزلىرى دېگەن كۈن، بىر چىقىپ، نەچچە يۈز يىلدا پاتامدۇ ياكى ئەتىگىنى چىقىپ، ئاخشىمى پاتامدۇ؟ — دەپتۇ دىۋانە تەمكىنلىك بىلەن. ۋەزىرنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئىسىرىماقچى بولغان ئىككىنچى سوئالىنى سوراپتۇ:

— ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ ئارىلىقى قانچە كۈنلۈك يول؟

— كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك يول، تەقسىر، — دەپتۇ دىۋانە.

— سەن خاتالاشتىڭ! بەش يۈز يىللىق يول قانداقمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولسۇن؟! — دەپتۇ ۋەزىر.

— مەن خاتالاشمىدىم، تەقسىر، كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ، ئاسمانغا قاراپ ئاچسىلا قېنى، ئاسماننى كۆرەملا - كۆرمەملا؟ — دەپتۇ دىۋانە مەغرۇر هالدا. ۋەزىر ئامالسىز قاپتۇ - دە، ئۆزىدىنى توختىتىۋېلىپ:

— خۇدا هازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپتىكەن، دىۋانە:

— تەقسىر، خۇدانىڭ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتامالا؟ بىلىپ قويسىلا، ياراتقان ئاللا شۇ تاپتا ئاتلىقنى پىيادە، پىيادىنى ئاتلىق قىلدى، بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، مانا مۇشۇ قامچىغا مۇپتىلا قىلدى، — دېگىنىچە ئۆزىنىڭ قامچىسى بىلەن ۋەزىرنىڭ ئۆزىنى راسا ساۋاپتۇ - دە، ئالدىغا سالغىنىچە قوغلاپ پادىشاھ هۇزۇرىغا هەيدەپ ئەكىرىپتۇ ۋە بولغان ئىشنى ئايان قىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆز، هەسەتخورلۇقىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، دىۋانىنى بولسا، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دانىشمەن دىۋانە ۋەزىر بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ مەسلىھەتىدىن چىقماي، يۇرتنى تىخمۇ ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ، خەلق بولسا، خۇشال - خۇرام ياشاپتۇ.

# ئۈچ ۋەسىيەت

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرماقچى بوپتۇ ۋە ئاۋۋال بالىلىرىغا:

— باغقا چىقىپ ھەربىرىڭلار ئىككىدىن تاياق ئەكى-رىڭلار، يوغانلىقى بارماقتەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ بولسۇن، — دەپتۇ. بالىلار ئاتىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئىككىدىن ياغاچ ئە-كىرىپ، ئاغرىق ياتقان بوۋاينىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپ ۋەسىيىتىنى باشلاپتۇ بوۋاي، — ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە باردى. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بو-لۇپ قازا يېتىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتىلىق قەرزىم بىلەن سىلەر-گە ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت قالدۇرىمەن: بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، ھازىر باغدىن ئەكەلگەن تاياقلارنى سۇندۇرىسىلەر، سۇندۇرغاندا ئالدى بىلەن ھەربىرىڭلار بىردىن سۇندۇرىسىلەر، قېنى، سۇندۇرۇڭلار!

بالىلارنىڭ ھەربىرى بىردىن تاياقنى سۇندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي:

— خوش، بۇنىڭغۇ سۇندۇردۇڭلار. ئەمدى قالغان ئۈچ تا-

ياقنى بىرلەشتۈرۈپ بىرىڭلار سۇندۇرۇپ بېقىڭلار! — دەپتۇ.

ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرقايسىسى ئايرىم — ئايرىم سۇندۇرماق بوپتۇ، لېكىن سۇندۇرالماپتۇ. بوۋاي ئاخىرى

— ئەمدى ئۈچىڭلار بىر بولۇپ سۇندۇرۇڭلار! — دەپتىكەن، بالىلار ئۈچى بىرلىشىپ ھېلىقى تاياقلارنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي دەپتۇ:

— ھە، بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇ ئۈم بولۇپ، بىرلىشىپ كۈچ چىقارغانلىقنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، مېنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، مەندىن كېيىن قالساڭلار، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۈم بولۇپ ياشاڭلار، شۇ چاغدىلا ھەرقانداق مۇشكۇللۇكنى يېڭەلەيسىلەر. ئەمدى، ئىككىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، ناننى تەمسىز يېمەڭلار، ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەڭلار. ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى سىلەرگە ئېيتمايمەن. ئاۋۋال سىلەر ئاشۇ ئىككى ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلىپ كۆرۈڭلار. بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىسەڭلار، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلاردىن سوراڭلار، مەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلارغا ئېيتىپ قويدۇم. قاچانكى بېشىڭلارغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىم سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئوڭلايدۇ.

بوۋاي بۇ ۋەسىيەتلەرنى دەپ، ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ.

ئاتىدىن ئايرىلغان ئۈچ بالا ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر - بىرى بىلەن ياخشى ئۈم بولۇپ ياشاپتۇ. بىراق، بۇلار بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بالىلار ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنى، يەنى: «ناننى ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەڭلار» دېگىنىنى قىلىمىز دەپ، ئۆيدىكى بار - يوقنى سېتىپ ھەسەل ئېلىپ يەپ تۈگىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ

كېتىۋاتقان. باللار ھېچبىر ئىلاج تاپالماي، ئاخىر ئانىسىدىن
ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سوراپ-
تۇ. ئانا باللىرىنىڭ خېلى بېشى قاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۈ-
چىنچى ۋەسىيەتنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— باللىرىم، ئاتاڭلارنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتى شۇكى،
ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولار
دەپ، باغقا كۆمۈپ قويغان بىر خالتا يامبۇنى ئىزدەپ تېپىش.
بىراق، ئاتاڭلار رەھمەتتى ئۇ يامبۇنىڭ باغنىڭ نەرىگە كۆمۈل-
گىنىنى ئېيتمىغانىدى. ئىشقىلىپ، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخ-
لەرنىڭ بىرىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈلگەنىكەن، ئەمدى كەتمەن -
گۈرجەكنى ئىشقا سېلىپ، شۇنى كولاپ تېپىڭلار.

بۇنى ئاڭلىغان باللار كەتمەن - گۈرجەكلەر بىلەن باغ-
دىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. با-
للار چۈشكىچە كولاپتىكەن، ناھايىتى چارچاپتۇ. ئەمدى قور-
ساقنىڭ ئېچىشىنى سورىماڭلار. شۇنداق چاغدا ئانىسى ئۆيدى-
كى قاتتىق - قۇرۇق نانلارنى بىر چۆگۈن قايناق سۇ بىلەن
ئەكېلىپ بېرىپتىكەن، بۇلار ھېچقاچان ئېچىلمىغان ئىشتىھا
بىلەن يەپتۇ. قاتتىق نان بىلەن قايناق سۇ بۇلارغا شۇنچىلىك
تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇكى، بۇرۇن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يې-
گەن نانلارنىڭ لەززىتىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدىكەن.

باللار تاماقتىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئىشتىن
كېيىن قاتتىق - قۇرۇق ناننى يەنە ھوزۇرلىنىپ يەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىرەر ئاي ھېلىقى يامبۇنى ئىزدەپ باغدىكى
پۈتۈن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى بوشىتىپ بوپتۇ، لېكىن
يامبۇ تېپىلماپتۇ. نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنمىغان
مېۋىلىك دەرەخلەر مۇشۇ باھانە بىلەن تۈۋى بوشىتىلغاچقا، بۇ
يىلى شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانا بالىلىرىنى چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، يامبۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار. ئاتاڭلار-نىڭ ئىككىنچى ھەم ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى باشقا يەردە ئىدى. ناننى ھەسەل بىلەن يەڭلار، دېگىنى — ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكۈپ نان يەڭلار دېگىنى، چۈنكى ئىشلەپ چار-چىغاندا يېگەن نان ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۆزۈڭلار سەزگەنسىلەر، سىلەر باغدا ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن مەن ئاچىقىپ بەرگەن قاتتىق - قۇرۇق ناننى ھەسەلگە مىلەپ يې-گەندىنمۇ ئارتۇق ھوزۇرلىنىپ يېدىڭلارغۇ. ئەمدى ئۈچىنچى ۋەسىيەتنىڭمۇ شۇنداق باشقىچە مەنىسى بار. راستىنى ئېيت-قاندا، داداڭلار يامبۇ كۆمۈپ قويغان ئەمەس. سىلەر ئەنە شۇ يامبۇنى ئىزدەپ تاپىمىز دەپ، باغدىكى بارلىق مېۋىلىك دە-رەخلەرنىڭ تۈۋىنى بوشىتىپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن مېۋى-لىك دەرەخلەر بۇ يىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى. ئاتاڭلار دېگەن يامبۇ شۇ!

# ئانار

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى پا-دشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن ئىسسىق بولغانلىقتىن ئۇسساپ كېتىپ بىرەر ئادەم بار جاينى ئىزدەپ ماڭغانىكەن، يولى بىر باغقا توغرا كەپتۇ. پادشاھ ئۇسسۇزلۇق تېپىشقا ئالدىراپ، باغ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەي:

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن بار، — دەپ بوۋاي ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپتۇ، قارىسا، بىر ئاتلىق ھەيۋەتلىك ئادەم تۇرغۇدەك. بوۋاي سالام قىپتۇ. ئاتلىق سالامغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

— ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بار، تەقسىر، — دەپ ئىككى تال ئانارنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. پادشاھ ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەن بۇ يۇرتنىڭ پادشاھى تۇرسام، بۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بې-غىمدا يوق، بىر گادايىنىڭ بېغىدا بولۇشى ماڭا نومۇس ئە-مەسمۇ؟ ! توختا، بۇ ئانارنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئەكەتمىسەم ! دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئاڭغىچە ئۇسسۇزلۇقى يەنە قوزغىلىپتۇ، يەنە ئانار تەلەپ قىپتۇ. بوۋاي ئىلگىرىكى ئانىرىدىن يەنە ئىككىنى ئاچىقىپ بەرگەنىكەن، بېسە ئىككىلىسى ئاچچىق،

ئېغىزغا ئالغۇسىز بىرنەرسە بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمىشقا ھېلىقى ئاناردىن ئاچىقمىدىڭ؟ — دېگىنىدىن بوۋاي:

— تەقسىر، ھازىر ئۆزلىرى يېگەن شۇ ئاناردىن ئاچىقتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھېلىقى ئانار نېمىشقا تاتلىق، بۇ نېمە ئۇچۇن ئاچچىق؟

— مېنىڭدە پەقەت بىر تۇپلا ئانار بار، ھەر ئىككىسى قېتىم ئۈزۈپ كەلگىنىم شۇ ئاناردىن.

— يالغان ئېيتمىساڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزىپىگە چىدىيالماي.

— ئۇنداق بولسا، ئەيىب مەندە ئەمەس، ئۆزلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— كىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ھەرقانداق تاتلىق نېمە شۇ كىشىگە ئاچچىق تېتىيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئالتۇنچى بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى رەھىمسىز، زالىم پادىشاھ بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتىدىكەن. دۆلەت خارابلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ ۋە بارا - بارا ئۇن ئۆيدە بىر قازان قايىنىيالمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، پادىشاھ ئەمەلدارلىرى سېلىق دەپ خەلقنىڭ بېشىدىن كەتمەيدىكەن.

زۇلۇمغا چىدىمىغان شەھەر خەلقى بىر كۈنى يىغىلىپ مەسلىھەت قىپتۇ. بەزىلەر:

— پادىشاھ ئەيش - ئىشرەت بىلەنلا بولۇپ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەۋەرسىز قالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھۋالىمىزنى بايان قىلىپ، ئالۋان - ياساقنى يەڭگىللىتىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلايلى! — دەپتۇ. بۇ پىكىر كۆپچىلىككە يېقىپ، شۇنداق قىلماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن بىر دانا بوۋاي چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر پادىشاھ بىلمەستىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەۋاتىسىلەر، بۇ گېپىڭلار توغرا ئەمەس. پادىشاھ بىلمەيدۇ ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بىز ئىلتىماس قىلماي، بىر پەم بىلەن پادىشاھنى قاپقانغا چۈشۈرەيلى. مەن بىر

www.uyghurkitap.com

چاره ئويلاپ تاپتىم.

— ئۇ قانداق چاره؟ — دەپتۇ كۆپچىلىك.

— ماڭا بىر ئاز ئالتۇن يىغىپ بېرىڭلار. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇننى سىلەرگە بولۇپ بېرىمەن.

— ئالتۇننى نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ كۆپچىلىك ئىشەنمەي.

— بۇ مېنىڭ ئۆز ئىشىم، سىلەر ماڭا ئالتۇننى يىغىپ بەرسەڭلارلا بولدى، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

كۆپچىلىك بوۋايغا ئىشىنىپ، مىڭ بىر جاپا بىلەن ئۈچ پۇت ئالتۇن يىغىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئوۋغا چىقىدىغان يول ئۈستىدە بىر قۇملۇق بار ئىكەن، شۇ قۇملۇققا بېرىپ، ئالتۇننىڭ ئازراقىنى قۇمغا چېچىۋېتىپ قۇمنى تاساپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەپتۇ. پادىشاھ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىشىغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ۋاي پادىشاھىئالەم، «ھۈنەرۋەن ئۆلمەس، ھۈنەرسىز كۆكەرمەس» دەپتىكەن، ھۈنەر قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— بۇ قۇملۇقتا قانداق ھۈنەر قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭ ھۈنىرىم ناھايىتى ئېسىل ھۈنەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي، — مانا بۇ قۇملۇققا ھەر پەيشەنبە كۈنى ئالتۇن تېرىپ قويۇپ كېتىمەن، ھەر جۈمە كۈنى ھوسۇ-

لىنى يىغىۋالىمەن.

پادىشاھ بۇ گەپكە ئىشەنمەي:

— قېنى، ئالتۇننى قانداق يىغىشقىنى ماڭا كۆرسەتـ-كىن، — دەپتۇ.

بوۋاي ئالتۇن چېچىپ قويغان قۇم دۆۋىلىرىنى تاسقىغا-نىكەن، راستتىنلا ساپسېرىق ئالتۇنلار غەلۋىرگە چىقىپ پادى-شاھنىڭ كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىۋېتىپتۇ. بوۋاي پادى-شاھنىڭ خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— پادىشاھئالەم، مېنىڭ ھۈنىرىم شۇنداق ياخشى ھۈنەر بولسىمۇ، ھازىر قولۇمدا دەسمايە يوق، — دەپتۇ. پا-دىشاھ بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەييار ئولجىغا ئىگە بولدۇم-غۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئۇنداق بولسا، ساڭا ئۇرۇقلۇق ئالتۇننى مەن بېرەي، ئىككىمىز ئورتاق بولايلى، — دەپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ تەكـ-



www.uyghurkitap.com

لىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن پادى- شاھ خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى بوۋاي پادىشاھتىن بىر پۇت ئالتۇن ئېلىپ، كېلەر جۈمە كۈنى ئىككى پۇت قى- لىپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ بەك مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە گۇماندا بولۇپ، يەنە بىر كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە ئىككى پۇت ئالتۇن بېرىپتۇ. ئىككى پۇت ئالتۇن تۆت پۇت بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ- نىڭغا راستىنلا ئىشىنىپ، خەزىنىدىكى ئالتۇننىڭ ھەممىسى- نى بېرىپتۇ. بوۋاي بۇ ئالتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن ھەممى- سىنى خەلققە بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، ئۆزى ناھايىتى خاپا ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بوۋايدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي يىغلامسىراپ:

— پادىشاھئالەم، تېرىغان ئالتۇننىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، تەختىدىن يېرىم گەز ئىرغىپ كېتىپتۇ ۋە:

— مەن بۇنداق قۇرۇق گەپكە ئىشەنمەيمەن، قۇمدىمۇ ئالتۇن قۇرۇپ كېتەمدۇ؟ — دەپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ غەزە- پىگە پىسەنت قىلماستىن:

— پادىشاھئالەم، قۇمدا ئالتۇن ئۈنگەنگە ئىشىنىلايۇ، قۇرۇپ كەتكەنگە ئىشەنمەملا؟ بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى. زىرائەت دېگەنمۇ ھەمىشە بىر خىل بولىۋەرمەيدىغۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ھوسۇلىمىز مول بولۇپ قالار، — دەپتۇ. پادىشاھ نېمە دېيە- شىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاي پادىشاھنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قاپقانغا چۈشۈرگەنىكەن.

# چېچەن كېلىن

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ئاۋۇت مەرگەن دېگەن بىر ئوۋچى بار ئىكەن، ئۇ ئوۋ-چىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بو-لۇپ، قىز سۈرۈشتە قىپتۇ، لېكىن يۇرتىدىن كۆڭۈلدىكىدەك قىز تاپالماپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى بىلەن كېلىشىپ، باشقا جايدىن كېلىن ئىزدەپ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققاند-كەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئاۋۇت مەرگەن كىيىمىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، پاناھ جاي ئىزدەپ ماڭغانىكەن، ئالدىغا بىر توپ دەرەخ ئۇچراپتۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ قارىسا، يېقىن جايدا كالا بېقىۋاتقان قىزلار ئىچىدىن بىر قىز تەمەچلىرىنى قولتۇقلاپ، كالىسىنى دەرەخ تۈۋىگە ھەيدەپ كەپتۇ، قالغانلىرى بولسا، كالىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، تەمەچلىرىنى يۇدۇپ مەھەللە تەرەپكە كېتىپ-تۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— قىزىم، ئاداشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كەتتى، سىز نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز ئالدىرىماي، كالىسى بىلەن تەمەچلىرىنى دالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن:

— ئۇلار ئۆيلىرىگە كېتىشىپ ئۈچ كۈنتىن زىيان تارتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئۇلار قانداق زىيانلارنى تارتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرىنچى زىيان، — دەپتۇ قىز، — ئۇلارنىڭ كالىلىرى تېخى تويمىغان، ئۆيگە ئاپارغاندىن كېيىن يامغۇر توختىسا، يەنە قايتۇرۇپ ئەكېلىدۇ. كالىنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىپ، بىر دەمدىن كېيىن ئۆيىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئاخىر تويغۇزالمايدۇ. ئىككىنچى زىيان، ئۆيىگە بارغۇچە تەرگەن تەمەچلىرى ھۆل بولىدۇ. ئۈچىنچى زىيان، ئۇلار ئۆيىگە بارغۇچە كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئەقلىگە قايىل بوپتۇ. مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە يارايدىكەن، دېگەن خىيال بىلەن:

— قىزىم، مەن سىلەرگە مېھمان بولۇپ بارسام، نېمە سويىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تاپالىساق بىر، تاپالمىساق ئىككى قوي سويىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەرگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراشتىن ئىزا تارتىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى مېھمانغا سويۇشقا ئەركەك قوي ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بوغاز قويىدىن بىرنى سويۇپتۇ. قوينىڭ قورسىقىدىن چىققان پاقلاننى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ: «تاپالىساق بىر، تاپالمىساق ئىككى قوي سويىمىز» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

ئاخشىمى تاماق ۋاقتىدا ئاۋۇت مەرگەن قىزغا قاراپ بۇ رۇتنى سىلاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ: «مېنىڭ بويىغا يەتكەن بىر ئوغ-

لۇم بار، لايىق كۆرەمسىز» دېگىنى ئىكەن. قىز كوكۇلىسىنى سىلاپتۇ. بۇ، قىزنىڭ لايىقنى «ماقۇل» كۆرگىنى ئىكەن. «تويلۇقىڭىزنى ئېيتىسىڭىز» دېگەن مەنە بىلەن مەرگەن قېشىنى سىلاپتىكەن، قىز چېچىنى سىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەرگەن قىزنىڭ چېچىغا لايىق گايەك[1] ئېلىپ كېلىپ تويىنى قىپتۇ. قىز بىلەن ئوغۇل ئىككىسى ئوبدان چىقىشىپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ، مەرگەنمۇ ئوخشاشلا ئوۋغا چىققانىكەن، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن قاچقان كېيىكنى ئاۋۇت مەرگەن ئېتىۋاپتۇ. كېيىكنى قوغلاپ كەلگەن پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ تېرىكىپ:

— سەن مېنىڭ ئولجامنى ئېتىۋالغان گۇناھىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئالدىمدىكى تاشتىن ھەپتە ئىچىدە ئۆتۈك تىكىپ كۆڭلۈمنى ئالىسەن، ئەگەر بۇيرۇقۇمنى ئورۇندىيالمىساڭ، سېنى كېيىكتەك قانغا مىلەيمەن! — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەرگەن بىرھازاغىچە شاھنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، كېيىك بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ خاپا ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قېيناتىسىنى خاپا كۆرگەن كېلىن قېيناتىسىدىن ھال سوراپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، قېيناتىسىغا:

— تاشنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپ خاتىرجەم ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، پادىشاھقا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ. كېلىنىنىڭ چېچەنلىكىگە ئىشەنگەن مەرگەن خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بۇ نۆۋەت ئوۋغا چىققان پادىشاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ يېزىسىغا كېلىپ ئۆتۈكنى سۈرۈشتۈرمەكچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يېزىغا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن

① گايەك — چاشتەڭگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇششاق باللار بۇ خەۋەرنى ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپتۇ. چېچەن كېلىن بېشىغا ياغلىقنى تېڭىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدىن قۇم ئېلىپ تەگىنىگە سېلىپ يۇغۇرۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆيىنى سوراپ كېلىپ قارىسا، ئىشىك تۈۋىدە بىر چوكان تەگىنىدە قۇم يۇغۇرۇۋاتقۇدەك.

— هاي قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قۇمنى يۇغۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ئۆزلىرى دادامغا بۇيرۇغان ئۆتۈككە ئاپقۇت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوكان. بۇ سۆزگە ھەيران قالغان پادىشاھ:

— قۇممۇ ئاپقۇت بولامدىكەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، قىز:

— تاشمۇ ئۆتۈك بولامدىكەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ گەپتە يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ لام ـ جىم دېيەلمەستىن كەينىگە يېنىپ، كەلگەن جايىغا قايتىپتۇ.

# ئۈچ ئالتۇن قورچاق

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، تۇرى، رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئۈچ ئالتۇن قورچاق ياستىپتۇ، ئاندىن ئۇ قورچاقلارنى بىر بەگكە ئەۋەتىپ: «بۇ ئۈچ قورچاقنىڭ باھاسى ئۈچ خىل، بىرىنچىسى ئەرزان، ئىككىنچىسى قىممەترەك، ئۈچىنچىسى قىممەت. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى تاپسۇن» دەپتۇ.

بەگ ھېلىقى قورچاقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ قاراپتۇ، بۇيان ئۆرۈپ قاراپتۇ، لېكىن نېمىشقا باھاسىدا پەرق بارلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. بەگنىڭ بېشى قېتىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرتىپتۇ ۋە: «قورچاقلارنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى تېپىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ، لېكىن ئۇلارمۇ بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ. ئەرزىمەس ئەيىب بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر كەمبەغەل يىگىت قورچاقلار توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، بەگكە:

— رۇخسەت بولسا قورچاقلارنىڭ پەرقىنى مەن تېپىپ باقسام، ئەگەر تاپالىسام، بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى زىنداندىن ئازاد قىلغان بولسىلا ... — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. بەگ، مەن تېگىگە

بېتەلمىگەن ئىشنى ئۇ قانداق بىلەلىسۇن، [illegible] ئويلىغان بولسىمۇ، ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن قورچاقلارنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، قورچاقلارنىڭ قۇلاقلىرى تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ بىر يىپ تېپىپ قورچاقلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يىپنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ، يىپنى ئىككىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپتۇ، ئۈچىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يىپنىڭ ئۇچى قورچاقنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن چىقماپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— ئى بەگ، بۇ قورچاقلار ئادەمگە ئوخشايدىكەن. بىرىنچى قورچاق بىرەر سۆز ئاڭلىسا، ئۇنى ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ باھاسى ئەرزان. ئىككىنچى قورچاق قىلغان سۆز بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، مۇنداق ئادەملەر بىپەرۋا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، قىلغان نەسىھەتنى ئاڭلىمايدۇ. ئۈچىنچى قورچاق ھەرقانداق سۆزنى، ھەرقانداق سىرنى ئىچىدە ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان، ئەقىللىق، تۇتاملىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر، — دەپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باشقىلار ھەيران قېلىشىپتۇ. بەگ خۇشال بوپتۇ، شۇ ھامان ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ - دە، ھەربىر قورچاقنى ئۆز باھاسىنى يازدۇرۇپ پادىشاھقا قايتۇرۇپتۇ.

# باي بىلەن مەسۇم تاز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يا بېشى يوق، يا ئايىغى يوق بىر دەريانىڭ بويىدا چوڭ بىر يېزا بولغانىكەن. ئۇ يېزىدا ناھايىتى بېخىل ۋە ناھايىتى زالىم بىر باي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى، بويىغا يەتكەن بىر قىزى ۋە ئىككى - ئۈچ ياشلاردا بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئۇ باي ھەر يىلى چاكار ئىشلىتىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭغا ھەق تۆلەشتىن قېچىپ، يىل توشاي دېگەندە كېچىسى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرىدىكەن - دە، ئۇخلاۋاتقان چاكارنى كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلاپ ئاققۇزۇۋېتىدىكەن. باينىڭ بۇ ئىشىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بەزى كىشىلەر باينىڭ چاكىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقىلىپ كېتىشىگە ھەيران بولۇشىمۇ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىكەن. پەقەت بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ مەسۇم دېگەن بىر تاز بالىسى باينىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىدە، شۇ دەرياغا غەرق قىلىنغان گۇناھسىز كەمبەغەللەرنىڭ ئەنتىنى سەن بايدىن بىر ئالمىسام، توختا، دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي يەنە چاكار ئىزدىگەن ۋاقىتتا، ھېلىقى مەسۇم تاز كېلىپ چاكار بوپتۇ. ئۇ چاكار بولۇپ ھەپتە، ئايلار ئۆتۈپ، يىل توشۇشقا يېقىنلىشىپ قالغاندا، باينىڭ ھېلى-

قى ئۈچ ياشلىق بالىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. باي چاكىرىنى چاقىرىپ:

— ھەي مەسۇم، سەن بېرىپ ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن قىرنىڭ قاپتىلىدىن گۆر كولىغىن، گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇلقىنىڭ بىلەن باراۋەر بولسۇن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

مەسۇم كەتمەننى كۆتۈرۈپ باي كۆرسەتكەن قىرغا بېرىپتۇ ۋە ياخشىراق بىر جاينى تاللىۋاپتۇ ـ دە، كەتمەن بىلەن بىرلا چېپىپ قۇلىقىنى قويۇپ ئۆلچەپ كۆرگەنىكەن، بىر قۇلاق بويىقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قۇلاق باراۋىرىدە چوڭقۇرمىش. ئۇ، بولدىلا، باينىڭ دېگىنىدىنمۇ چوڭقۇر بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە بولماستىن دەم ئېلىپ ياتسامۇ بولىدىكەن دەپ، بىر دەرەخنىڭ كۆلەڭگىسىدە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

مەسچىت قوۋمى باينىڭ بالىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بايىقى قىرنىڭ قاپتىلىدا كولاشقا بۇيرۇلغان گۆرگە ئېلىپ بېرىشىپتۇ، قارىسا، گۆر تەييار ئەمەس، مەسۇم بولسا دەرەخنىڭ كۆلەڭگىسىدە ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ناھايىتىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي پاخشەكتاز، ئەتىگەندىن بېرى نېمە قىلدىڭ؟ قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر ـ ئىككىنى ساپتۇ.

— جېنىم باي دادا، قۇلىقىڭ بىلەن باراۋەر كولىغىن، دەپ ئۆزلىرى ئېيتتىلىغۇ، ئەنە قارىسىلا، بىر قۇلاق بويىقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قۇلاق باراۋىرىدە كولاپ قويدۇم، — دەپ ھېلىقى كەتمەننىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپتۇ مەسۇم. باينىڭ ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ھازا ئۈستىدە ئۆزىنى بېسىپ:

— بار، يۈگۈر، ئۆيدىكى بارلىق كەتمەن ـ گۈرجەك-

لەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلگىن. كۆپچىلىك، ئۇلاش - چولاش، چاپسانراق كولىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مەسۇم ئۆيگە بېرىپتۇ - دە، باينىڭ خوتۇنىغا:

— ئاغىچا خېنىم، باي دادام مۆھۈرنى بەرگەي دەيدۇ، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى مەسۇمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن:

— ھەي پاخشەكتاز، باي داداڭغا گۆر ئۈستىدە مۆھۈر نېمىگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ؟ سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپ بەرمەپتۇ.



— نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغىنىنى بىلمىمەن، لېكىن سوۋ-رغىنى خۇدا ھەققى راست، ئەگەر ئىشەنمىسىلە، يۈرسىلە ئۆگزى-گە چىقىپ سورايلى، ئەنە ئاۋۇ يەردىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ مەسۇم.

شۇنىڭ بىلەن باينىڭ خوتۇنى بىلەن مەسۇم ئىككىسى ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مەسۇم قىردىكى بايغا قاراپ:

— ھا ... ي باي دادا! ئاغىچام بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باي كەتمەن - گۈرجەكلەرنى بەرمەيۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ - دە، خوتۇنىغا ئاچچىقى كېلىپ:

— ھا ... ي ئەخمەق خوتۇن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن چاپ-سانىراق بېرىۋەتسەڭچۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى ساندۇقتىن مۆھۈرنى ئې-لىپ بېرىپتۇ. مەسۇم مۆھۈرنى ئېلىپ، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىمۇ يىغىشتۇرۇپ قىرغا كەپتۇ. ئۇلار ئۇلاش - چولاش بىردەمنىڭ ئىچىدە گۆرنى كولاپ، بالىنى دەپنە قىلىشىپتۇ، مۆھۈردىن ھېچ-كىمنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ.

ئاخشىمى باي بىلەن خوتۇنى مەسلىھەتلىشىپ:

— بۇ تازنىڭ ئىشلەپ يۈرگىنىگە بىر يىل توشۇپ قال-دى، بۈگۈن - ئەتە ھەق تەلەپ قىلغۇچە بۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇ-ۋېتەيلى. تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە چىقىپ مېنى ئويغات، بول-مىسا، قاتتىق ئۇخلاپ قېلىشىم مۇمكىن، چۈنكى بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، — دەپتۇ باي. ئۇ باي يازلىقى باغدا گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان بۈگلۈكتە ياتىدىكەن، مەسۇم تاز بولسا، ئۇ-نى قورقمىسۇن دەپ نېرىراق بىر يەردە سۇپىدا ياتىدىكەن.

مەسۇم تاز بۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە كې-چىسى ئۇخلىماستىن يېتىپتۇ. تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا،



www.uyghurkitap.com

باي خورەك تارتىپ راسا قاتتىق ئۇيقۇغا چۈشۈپتۇ. مەسۇم تاز ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ باينىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇپتۇ ـ دە، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ.

تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن چاغدا باينىڭ خوتۇنى شىپىلداپ كېلىپ:

— ھەي ئاتىسى، تۇرسىلا، ئاۋۇ تاز تويغۇزدەك خورۇلداپ راسا قاتتىق ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ قالغۇچە چاپسان ئۇ ـ جۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپ نوقۇپتۇ قاراڭغۇدا ئۇنىڭ مەسۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن.

مەسۇم تاز ئۈن چىقارماستىن باينىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە سۇيىغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان باينى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، مەسۇم تاز ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپتۇ ـ دە: «مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز نۇرغۇن كىشىنى دەرياغا تاشلاپ، خۇدانىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھلارنى قىلدۇق. بۈگۈن ئاخشام چاكىرىمىز مەسۇمنىمۇ تاشلىغاندۇق، لېكىن ئۇ خۇدانىڭ ئەزىز بەندىسى بولغانلىقتىن سۇغا غەرق بولماستىن قايتىپ چىقتى. ئەمدى مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، شۇ كۈنگىچە خۇدانىڭ ئالدىدا قىلغان گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆزۈم دەرياغا تاشلىدىم. بارلىق مال ـ مۈلكۈم، ئۆي ـ جايىم ۋە قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئورنىدا مەسۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم» دەپ يېزىپتۇ ـ دە، باينىڭ مۆھرىنى ئېلىپ بېسىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھويلىنى ئايلىنىپ يۈ ـ رۈپ: «ۋاي باي دادام ! ۋاي باي دادام !» دەپ ۋارقىراپ

يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ خوتۇنى ۋە قىزى قورققىنىدىن ئۆڭلىرى ئۆچۈپ يۈگۈرۈپ چىقسا، كېچىسى دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن مەسۇم تاز: «ۋاي باي دادام» دەپ يىغلاپ يۈرگۈدەك. ھېلىقى خوتۇن ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تاشتەك قېتىپ قاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ

— ھەي تاز، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئاغىچا خېنىمەي، باي دادام ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماسمىدى! بۇ خۇدانىڭ قانداق تەقدىرىدۇ؟! — دەپ تېخىمۇ بەكرەك يىغلاپ ھېلىقى خەتنى بېرىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى خەتنى ئوقۇپ يىغلىشىپتۇ، قاقشىشىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، يىغا ـ زارلار بېسىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى «ۋەسىيەتنامە»گە بىنائەن قىز مەسۇم تازغا نىكاھ قىلىپ بېرىلىپتۇ. مەسۇم تاز پۈتۈن مال ـ مۈلۈككە ئىگە بوپتۇ. ئۇ بۇ ماللارغا مۇشۇ يىزا كەمبەغەللىرىنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن، دەپ ماللارنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىپتۇ ـ دە، ئۆزى شۇ كۈندىن باشلاپ بەختلىك كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# دانىشمەن ئانا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتىنىڭ ساغرىسىدا تورغاي ئۇۋىلاي-دىغان زاماندا بىر ياش زەرگەر ئۆتكەنىكەن، زىبۇزىنىەت بۇيۇم-لىرىنى ياساشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۈنەرۋەن يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تاللاپ، ساندۇقىدا ساقلاپ كەلگەن لەئەل - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ بىر جۈپ بۇلاپكا سوقۇپ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ ئولتۇرۇشىغا، بىرمۇنچە مەپە كېلىپ دۇكاننىڭ ئۇدۇلىدا توختاپتۇ. ئوتتۇرىدىكى مەپىدە پادى-شاھنىڭ قىزى مەلىكە گۈلجەمىلە بار ئىكەن. مەلىكە يوپۇقىنى قايرىپ مەپىدىن بېشىنى چىقىرىپ بۇلاپكىغا قارىغاندا، كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت يىگىتلەرنىڭ كۆزى، ئىزدەپ يۈرگەننىڭ دەل ئۆزى چىقىپ قاپتۇ. مەلىكە ئاتىسىدىن بىسوراق ئەركەك چۈشىن بىلەنمۇ ئۇچرىشالمايدىكەن. ئۇ ئىلاج-سىز يىگىتكە قاراپ لەپپىدە بىر كۆز تاشلاپ مۇھەببىتىنى ئىز-ھار قىپتۇ - دە، مەپىسىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

مەلىكىمۇ ئاي دېسە ئايدىن ئارتۇق، كۈن دېسە كۈندىن نۇر-لۇق، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۈدەك چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزىدىن چاچرىغان بىر پارچە ئوت يىگىتنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپتۇ، يىگىت بولالماي دۇكاننى تاقاپ قايتىپتۇ. ئانا ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئوغلى مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ، بۇلاپكىسىغا

www.uyghurkitap.com

بېقىپ، يىلاندەك تولغىنىپ ياتقۇدەك. ئانا ئەنسىرەپ:

— جېنىم بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق... مەيە... قىز ... — دەپ ئىڭراپتۇ يىگىت.

— ۋاي، تۇزۇكرەك سۆزلىگىنە، بالام، نېمە دەۋاتىسەن زادى؟ — دەپتۇ ئانا يېقىنراق كېلىپ. ئوغۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئانا پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ بىرھازا ئويلىنىپتۇ ـ دە، ئاندىن:

— بالام، گېپىڭگە سەڭگىسەم، شاھىمىزنىڭ قىزى مەلىكە گۈلجەمىلەگە كۆيۈپ قاپسەن. بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغاندەك بىر ئىش بوپتۇ. مەيدەڭگە مۇز، دۈمبەڭگە تۇز يېقىپ يۈرىۋەرمەي، نىيىتىڭدىن يانغىن، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ، ئاغزىغا ئابىكەۋسەر تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

— ئوبدان بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىن، ئىلاجىنى مەن قىلاي، مۇرادىڭغا يەتكىن، — دەپتۇ ئانا، — مەلىكە ھەر ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى ئويناپ ـ كۈلگىلى چاربېغىغا كىرىدۇ، كېچىسى باغدىكى ھۇجرىسىدا قونىدۇ، شۇ چاغدا سەنمۇ بېرىپ ماراپ تۇرغىن. مەلىكىنىڭ ساڭا راستىنلا مەيلى بولسا، سېنى كۆرگەندىن كېيىن بەلگە بېرىدۇ، ئېسىڭدە ساقلاپ، ماڭا كېلىپ دېگىن.

زەرگەر يىگىت جۈپ كۈننى كۈتۈپ، چارباغنىڭ ئارقىسىدا يېتىپتۇ. پەيشەنبە كۈن ئىكەن، مەلىكە باغقا كىرىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئويناپتۇ، كۆلچەك بويىدىكى شىپاڭغا چىقىپ، ئالدىنى زەرگەر يىگىتنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت شۇ ياقتىن تامغا يامىشىپ، بېشىنى كۆرسىتىپتۇ. مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ



ئورنىدىن قوپۇپتۇ، يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئەي-
نەكنىڭ ئالدىنى، كېيىن ئارقىسىنى كۆرسىتىپتۇ، ئاندىن
بېشىدىكى تارغاقنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ كۆلچەككە
تاشلاپتۇ - دە، شىپاگىدىن چۇشۇپ گۈللۈك ئارىسىغا كىرىپ
كېتىپتۇ.

يىگىت مەلىكىنىڭ بىرەر ئېغىز لەۋزىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ
ئىنتىزار ئىكەن، تامغا مىنىپ، باغقا تەلمۈرۈپ كۈننى كەچ
قىپتۇ. مەلىكە قايتا كۆرۈنمەپتۇ. يىگىت سەرسان كۆڭلىنى
باغدا قويۇپ، ئۆزى قايتىپتۇ. ئانا مەلىكىنىڭ بېشارىتىنى
ئوغلىدىن ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ.

— جان بالام، گېپىمگە قۇلاق سال ! — دەپتۇ ئانا، —
ئىشىڭ ئوڭغا تارتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئەينەكنىڭ ئالدى - ئار-
قىسىنى كۆرسەتكىنى — كۈندۈزدە كەلمەي، كېچىدە كەل دې-
گىنى؛ تارغىقىنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ كۆلچەككە تاشلى-
غىنى — باغنىڭ كۆلچەككە سۇ كىرىدىغان سۇگۇچىنىڭ
ۋادەكلىرىنى سۇندۇرۇپ، شۇ يەر بىلەن كىر دېگىنى؛ گۈل-

لۇككە كىرىپ كەتكىنى — ئاشۇ گۈللۈكتە ئۇچرىشىمىز دېگىنى. ئوبدان بالام، بوگۈن كېچە، ئەتە كۆتۈرۈپ قالغۇچە ئۇخلىۋېلىپ، كەچتە بارغىن.

يىگىت شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ، سول كۆكسىنى مۇجۇپ، پىغان ئىچىدە چولپان يۇلتۇزغا قاراپ ئۆگزىدە يېتىپتۇ، تاڭنى كۈتۈپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ، كەچمۇ بوپتۇ. يىگىت پىچىقىنى ئۆتۆكىنىڭ قونچىغا تىقىپ، ئاي قاراڭغۇسىدا يولغا چىقىپ، كۆزلىگەن يېرىگە بېرىپتۇ، سۆڭگۈچىنىڭ ۋادەكلىرىنى قومۇرۇپ باغقا كىرىپتۇ. گۈللۈكتە مەلىكە يوق ئىكەن. يىگىت بىر دوقمۇشنى تاللاپ، مەلىكىنى ماراپ ئولتۇرۇپتۇ، ئولتۇرا — ئولتۇرا گۈل پۇرىقىدا مەست بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

مەلىكىنى سۆيگەن يىگىت زېرىكمەي — تېرىكمەي كۈتۈشى، كىرپىك قاقماي تۈنى تاڭغا ئۇلىشى شەرت ئىكەن، شۇنداق قىلالىغانلار سىناقتىن ئۆتكەن بولىدىكەن. ئىلگىرى كۆرمىگەن يىگىت شەرتنى بەجا كەلتۈرەلمەي داغدا قاپتىكەن. مەلىكە گۈللۈككە كېلىپ، زەرگەر يىگىتنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئونىڭدىن بىزار بوپتۇ، يەنە ئۇنىڭ قامىتىگە قاراپ، ئۆز يۈرىكىنى سىلاپ بېقىپتۇ. «مەرتەم — مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، خەير، بوپتۇ، يەنە بىر مەرتەم سىناپ باقاي، دېگەن يەرگە كېلىپ، يىگىتنىڭ قېشىدا بىردەم تۇرۇپتۇ — دە، كېتىپ قاپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. تاڭ يورۇپ قالسا، يىگىتكە خوشلۇق بولمايدىكەن، مەلىكىگىمۇ باغقا كىرىش بەسى مۇشكۇل ئىكەن. يىگىت لېۋىنى چىشلەپ، ئېڭىكىنى ئۇۋۇلاپ، چارباغدىن ئايرىلىپتۇ، زار — زار قاقشاپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ پەرىشان هالىغا ئېچىنىپ سوراپتۇ:

— بالام، بىرەر شەپە بولمىدىمۇ؟

— ياق، ئانا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— يانچۇقۇڭ دومباق تۇرىدۇ، بالام، قاراپ باققىنا...

يىگىت يانچۇققا قولىنى سېلىپ، بىر تال چالا كۆيگەن كۆمۈرنى ئاپتۇ ۋە ھەيران بولۇپ:

— ئانا، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانا كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— بىلسەڭ، ئوغلۇم، ئۇخلاپ قېلىپ، مەلىكىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالماپسەن. ئۇنىڭ كۆمۈرنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويغىنى — سەن ماڭا چالا — بولا كۆيگەنىمىدىڭ؟ ئوتۇڭ ھېلىتىن ئۆچۈپتۇ، دېگىنى. خەيرىيەت، بەختىڭ بار ئىكەن، يول قويۇپتۇ. ئەتە كېچە لايغەزەللىك قىلماي، كۆزلىرىڭنى يۇمماي ئولتۇرغىن. قوپ، ئوبدان ئۇخلىۋال، بالام.

يىگىت: «ماقۇل» دەپ بېشىنى چۈمكەپ يېتىپتۇ، ياتقاندىمۇ كۆزىنى تېڭىپ، كۆمۈرنى قويىنىغا سېلىپ، كۆڭلى باغدا، تېنى كاڭدا يېتىپتۇ. كۈن پېتىپ، خەلقئالەم جىمىپتۇ. يىگىت يولغا چىقىپتۇ. ئانا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ، «ئۇخلاپ قالمىغىن» دەپ جېكىپتۇ.

يىگىت يول بويى: «ئۇخلىمايمەن، ئۇخلىمايمەن! ئۇخلاپ قالىدىغان بولسام...» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مەلىكىنى كۈتۈپتۇ، بىردەم كۈتۈپ، گۈل پۇرىقىدا مەست بولۇپ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. مەلىكە قاش ـ كىرپىكلىرىنى ياساپ، ياش كۆڭلىنى زەرگەر يىگىتكە ئاتاپ، گۈل تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، يىگىت خورەك تارتىپ ياتقۇدەك. مەلىكە ئاچچىقىغا پايلىماي، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي، يىگىتنىڭ ئالىقىنىغا بىر دانە ياڭاق تاشلاپ قويۇپ، كەلگەن يولىغا قايتىپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. يىگىت كۆزىنى ئېچىپ، يورۇقتىن قېچىپ، يىغلىغان پېتى ئۇتتۇر ئۆيىگە كەپتۇ. ئانا ياڭاقنى قولىغا ئېلىپ خاپا بوپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ئۇيقۇ سۈيدىغۇ يۇغۇرماپتىم، بالام، يەنە ئۇخلاپ قاپ-سەن. مەلىكە، پادا باققاندا دوست بوپتۇق، ياكاۋ جاققاندا ئا-رىلدۇق، دەپتۇ. پېشانەڭدىن كۆر، ئەمدى بولدى قىل...

يىگىت پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، ئۆزىنى يۆلىگىلى قاچا تاپالماي، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئانا ئوغلىنىڭ نالىسىگە چىدىماي، — يەنە بىر قېتىم بارغىن. بۇدا مۇنداق قىلارسەن: ئۇيقۇڭ كەل-گەندە، بىر بارمىقىڭنى كېسىۋال، يەنە بولالمىساڭ، كېسىلگەن قولۇڭنى تۇزغا چىلا، ئۇيقۇڭ قاچىدۇ. ئېيتقانلىرىمنى قىلى-قىڭدا چىڭ تۇت، بولمىسا، ئامالىم يوق.

يىگىت ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئاشىقىنى ئويغاق هالدا ئۇچرىتىپ قويىنىغا ئاپتۇ. ئىككى ياش يۈرەك مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىگە شېرىن خىياللارنى پۈ-كۈپ، مۇڭدىشا - مۇڭدىشا ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. گۈللۈككە قارايدىغان گۈلچى قېرى ئۇلارنىڭ گىرە سېلىشىپ يېتىشقانلىقىنى كۆرۈپ پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ.

— داد، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئۇ تىزلىنىپ، — مە-لىكەم نامەھرەمگە قاراپتۇ، يىگىتنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يې-قىپ، تىنىقىنى يۇراپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ.

— خوش، تەقسىر، — دەپ تىك تۇرۇپتۇ ئىككى جاللات.

— گۈللۈكتە يېتىپتۇ ئىككى نائەھلى، بىرى ئەر، بىرى گۈلجەمىلە. تاشلاڭلار بەتبەختلەرنى زىندانغا، قانسۇن بىراقلا ئارزۇ - ئارمانغا، — دەپتۇ پادىشاھ.

جاللاتلار مەلىكە بىلەن يىگىتنى زىندانغا تاشلاپتۇ. مەلى-كە بىلەن يىگىت ئوتتۇرىدىكى تامدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ،

بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئارا تامدىكى تۆشۈككە بېشىنى تىقىپ، يىگىتتىن ئۆزىنىڭ ئىشارەت ـ بېشارەتلىرىنىڭ مەنىسىگە قانداق يەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن، يىگىت ئانىسى ئارقىلىق يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە خۇش بولۇپ:

— ئانىڭىز دانىشمەن ئىكەن. ئۇ بىزنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئىككى دانە ئاق قاشتېشىنى لاتىغا ئوراپ، گۈندىپاي ئارقىلىق يىگىتنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئانا بۇنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ، ئىككى لېگەن پولۇ ئېتىپ، بىر لېگەن بىلەن گۈندىپاينىڭ ئاغزىنى ياغلاپتۇ، بىرىنى زىندانغا ئەكىرىپ، ئىككى ياشقا يېگۈزۈپتۇ، ئاندىن مەسلىھەت بېرىپ:

— ئوغلۇم، ئايالچە ياسىنىپ چىقىپ كەتكىن، مەلىكىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

يىگىت خۇش بولۇپ، ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، داستىخاننى قولتۇقىغا قىسىپ، خېنىملاردەك يورغىلاپ، گۈندىپاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. دانىشمەن ئانا مەلىكىگە گۈلچى قېرى ئۇستىدىن ئەرز قىلدۇرۇپتۇ. ئەرزنى كۆرۈپ ھەيران قالغان شاھ زىندانغا كىشى ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپتىكەن، مەلىكىنىڭ يارىمۇ ئايال بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە جاللاتلارغا گۈلچى قېرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاشنى، مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ ئانىسىنى ئازاد قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشتىن ھەيران ئىكەن، سىر ئۇقالماي سەرسان ئىكەن. ئاخىر بىر كۈنى مەلىكىدىن سوراپتۇ:

— قىزىم، سەن بىلەن ياتقان ئايال كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئۆزىدىن سوراڭ، جېنىم دادا، — دەپ جاۋاب بېرىپ- تۇ مەلىكە كۈلۈپ تۇرۇپ.

پادىشاھ قىزى ئارقىلىق يىگىتنىڭ ئانىسىنى قەسرىگە چاقىرتىپتۇ. دانىشمەن ئانا:

— پېقىرنى سورىسىلا، پادىشاھىئالەم، خۇدانىڭ ئەلچىسى بولىمەن، بالاغەتكە يەتكەن قىز - يىگىتنىڭ ھالىغا يېتىمەن. ئۆز قىزى، ئۆز ئوغلىنىڭ بەختىگە ئۇلتۇرغان ھەزرەتلىرىدەك ئاتا - ئانىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ، ئەزرائىلغا ئېلىشىغا ساتىمەن، — دەپتىكەن، پادىشاھ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ.

— ھەي خۇدانىڭ ئەلچىسى، بېشىمنى ئۆزۈڭ ئوڭشىغايسەن، — دەپ ئايالىنىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، شەھەرلىرىدە مەلىكە گۈلجەمىلە بىلەن كىچىكىدىن ئاشىق - مەشۇق بولۇشقان قاۋۇل بىر زەرگەر يىگىت بار. ئىككىسىنىڭ بېشىنى قېتىپ قويسىلا جانلىرى ئامان قالىدۇ.

شاھ دانىشمەن ئانىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئالدىغا بىر لېگەن تىللا قويۇپتۇ، زەرگەر يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، مەلىكىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. زەرگەر يىگىت بىلەن مەلىكە گۈلجەمىلە مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# چىچەن تاز

بۇرۇندىن بۇرۇن، ساقىلى ئۇزۇن، ئۆمرىدە ئوغۇل كۆرمى-گەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئە-مەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، سۇمبۇل چاچلىق، قارا قاشلىق، قىلىقى تاتلىق بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ: «كىمكى مېنىڭ گېپىمگە گەپ، سوئالىمغا جاۋاب تېپىپ بېرەلىسە، قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا، كاللىسىنى ئالىمەن» دەپتۇ.

شەھەر ـ شەھەرلەردىن، يىراق يەرلەردىن نى ـ نى پادى-شاھلارنىڭ شاھزادىلىرى، چېچەنلەرنىڭ چېچەنلىرى كېلىپ پا-دىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي ئالەمدىن ئادا، جې-نىدىن جۇدا بولۇپ كېتىپتۇ. خالايىقنىڭ ھەممىسى: «بۇ بىر بالا بولدى» دەپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر ناۋاي بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بالىلىرىنىڭ ئىككىسى ساق، بىرى تاز ئىكەن. ساق ئو-غۇللىرى بېرىپ پادىشاھقا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىپ-تۇ. بوۋاي بۇ ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ ھەر كۈنى ھەسرەت چېكىپتۇ. تاز بۇ ئەھۋالغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ناۋاي تاز ئوغلىغا غەزىپى كېلىپ كايىپتۇ. تاز يەنە كۈلۈپ:

— ئاچچىقلانماڭ، دادا، مەن پادىشاھنىڭ گېپىگە گەپ، سو-ئالىغا جاۋاب تېپىپ، قىزنى سىزگە كېلىن قىلىپ بېرىمەن، —

دەپتۇ ــ دە، دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ:

ــ ھە تاز، سەن نېمىگە كەلدىڭ؟ ــ دەپتىكەن، تاز:

ــ پادىشاھىم، ئالدىلىرىغا مەنمۇ كېلىپ قالدىم. دەريانىڭ ئۇ قېتىغا تېرىق تېرىپ، بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئورۇۋالدىم، ــ دەپ نەزم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

دەريايىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
بولمىسا سەن بىر ماز.

دەپتۇ. تاز:

دەريا چوڭ دەريا ئىدى،
ھېچ دەريا يېتەلمەيتتى.
ئاق غاز بىلەن قارا غاز
ئۇچ قونۇپ ئۆتەلمەيتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

غازلىرىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
يا ئورۇق، ۋىجىكتۇ، تاز؟

دەپتۇ. تاز:

غاز بولغاندا غاز ئىدى،
مىڭ غاز ئۇنداق بولمايتتى.
ئاق ئۆي بىلەن قارا ئۆينى
قانىتىغا ئىلمايتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

ئۆيۈڭ كىچىك كاتەكتۇ؟
يا بولمىسا چىپلەكتۇ؟

دەپتۇ. تاز:



www.uyghurkitap.com

ئۆي بولغاندا ئۆي ئىدى،
ھېچ ئۆي ئاڭا يەتمەيتتى.
پەگاھدا ئېشەك ھاڭرىسا،
ئۇنى تۆرىگە يەتمەيتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

ئېشىكىڭ ئورۇقتۇ، تاز؟
يا كىچىك، قورۇقتۇ، تاز؟

دەپتۇ. تاز:

ئېشىكىم ئېشەك ئىدى،
خويما چوڭ ئېشەك ئىدى.
گەر سويسىڭىز، تېرىسى
مىڭ قۇلغا تۆشەك ئىدى.
مىڭ قۇلغا كۆرپە چىقىپ،
قىشتىن ساق چىقىراتتى.
ئاشقىنى قىزىڭىزغا
ئويماقچە بوپ قالاتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ ھېچ نەرسە دېيەلمەي، ئاغزى گەپكە كەلمەي: «قىزىم بىلەن سۆزلەشكىن» دەپتۇ. تاز سۆزلەشكىلى قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. تازنىڭ كىرىشى بىلەنلا، قىز:

قىزلار، قىزلار، بۇنى كۆر،
بېشى پاخشەك تازنى كۆر.
قېتىق بېرىپ بۇ تازغا،
ئۆيدىن ئۆيگە قوغلاپ سۈر.

دەپتۇ. تاز:

قېتىق بەرسەڭ ئىچەرمەن،
ساڭا قېتىلىپ كېتەرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەپتۇ. قىز:

قىزلار، قىزلار بۇنى كۆر،
بېشى پاخشەك تازنى كۆر.
قىممىز بېرىپ بۇ تازغا،
قىردىن قىرغا قوغلاپ سۇر.

دەپتۇ. تاز:

قىممىز بەرسەڭ ئىچەرمەن،
قىردىن ئېشىپ يېتەرمەن.

دەپتۇ.

— توختاڭلار، بۇ تاز خېلى گەپكە ئۇستىدەك قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەمدى سوئال قويۇپ باقاي، — دەپ قىز سوئال تاشلاپتۇ:

يىراق يەردە ئوت كۆيەر،
ئېيتىپ بەر، تاز، بۇ قەيەر؟

تاز:

يىراق يەردە ئوت كۆيگەن،
بۆرە كۆزى چەكچەيگەن.

دەپتۇ. قىز:

سۇدا قوزىلار مەرەر،
ئېيتىپ باق، بۇ نىمىلەر؟

دەپتۇ. تاز:

قوزا دېگەن پاقىلار،
پاقا سۇدا كۇركىرار.

دەپتۇ. قىز:

كۆك ئاسماندا جىق يۇلتۇز،
ھەممىسىدە ئوخشاش رەڭ.
ئەمما، ئۇلار چوڭ ـ كىچىك،
پەقەت ئىككىسىلا تەڭ.
ئېيتىپ باق، تاز، بۇ نىمە؟



دەپتۇ. تاز:

كۆك ئاسماندا كۆپ يۇلتۇز
ئادەمزات ئەمەسمۇ؟
پەقەت ئىككىسى تەڭ يۇلتۇز
بىز ئىككىمىز ئەمەسمۇ؟

دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزمۇ تازنىڭ گەپدانلىقىغا قول قويۇپ تېگىشكە رازى بوپتۇ. لېكىن، پادىشاھ قىزنى تازغا بەرمەسلىكنىڭ كويىغا چۈشۈپ:

— ئەتە مەن ئورنۇمدىن قوپقۇچە بىر جۈپ يولۋاس، بىر جۈپ ئېيىق، بىر جۈپ بۆرە، بىر جۈپ تۈلكە تۇتۇپ كېلىپ، ئوردامدا ئويناتسىپ تۇرسەن، ئاندىن كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. تاز: «ماقۇل» دەپتۇ ۋە ئۆيىگىمۇ بارماي تاغقا كېتىپتۇ. تاغدىن ئۇ جۈپ -

www.uyghurkitap.com

جوپ يولۋاس، ئېيىق، تۈلكە، بۆرىلەرنى ھەيدەپ كېلىپ ئۇور-دىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ:

— جېنىم كۈيئوغلۇم، بۇ نېمىلەرنى ئۆز جايىغا يانسۇرۇۋەتكىن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تاز جانىۋارلارنى بىر بۇيرۇق بىلەن ياندۇرۇۋېتىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرسە:

— ئون كۈندىن كېيىن كەلگىن، شۇ چاغدا توي قىلاي-لى، — دەپتۇ.

تاز دېگەن قەرەلدە كەلسە، پادىشاھ خەزىنىسىدىكى دۇنيا-دىن، مال - مۈلكىدىن ھېچ نەرسە قويماي ئېلىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. تاز: «خەپ» دەپ ئات ئېغىلىغا كىرسە، پادىشاھنىڭ بىر قوتۇر ئۆلەرمەن ئېتى تۇرغۇدەك. تاز قوتۇر ئاتنى يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ھەر كۈنى كۆمەچ نان بېرىپ راسا بېقىپتۇ. ئات سەمرىپ ئالامەت بىر دۇلدۇل بوپ-تۇ. تاز دۇلدۇل ئاتنى مىنىپ پادىشاھنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ: «كەينىمىزدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆل-تۈرگىن» دەپ بىر پالۋىنىنى كالا باقتۇرۇپ بىر يەرگە، يەنە بىر پالۋىنىنى يىلقا باقتۇرۇپ بىر يەرگە تاشلاپ كەتكەنىكەن.

تاز بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، يوغان سېرىق ئۇي مە-ڭىۋالغان بىر پالۋان كالا بېقىپ يۇرگۇدەك. تاز پالۋاننىڭ قېشىغا بېرىپ سۆز سوراي دېگۈچە، ئۇ تازنىڭ گەدىنىگە كې-لىشتۇرۇپ بىرنى قويۇپتۇ، ئەمما تاز گەدىنىنى تاتىلاپ قو-يۇپ: «ئاچچىقلانما، بۇرادەر» دەپ قويۇپ كېتىۋېرىپتۇ. يىلقى كالا بېقىۋاتقان پالۋان: «ئەجەبا» دەپ ھەيران قېلىپ، بىر يو-غان قورام تاشقا مۇشتۇمى بىلەن بىرنى ئۇرسا، تاش قۇم بو-لۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بېرىپ تازنى ئۇراي دېيە-شىگە، تاز: «پۇۋ» دەپتىكەن، پالۋان يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تاز دۇلدۇلنى يۈگۈرتكىنىچە يىلقىچى پالۋاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

مېنىڭ ئاتام بار ئىدى،
مىڭ تۆگىسى نار ئىدى.
مىڭ نار تۆگە ئىچىدە،
قارا بۇغرام يوقالدى.
ئۇ بۇغرامنى ئەگىشىپ،
سېرىق ھىنگان يوقالدى.
ئۇ ھىنگاننى ئەگىشىپ،
نار تايلىقىم يوقالدى.
كۆرگەن بولساڭ، يىلقىچى،
ئېيتقىن، بىرەي سۆيۈنچە.

دەپتۇ. يىلقىچى:

ئېتىڭ ئۇرۇق، ھېرىپتۇ،
تونۇڭ يىرتىق، توزۇپتۇ.
بۇغراڭ، ھىنگان، تايلىقىڭ
بۇ يەردە نېم قىلىپتۇ؟
خويمۇ كەپسەن ئۇلگۇرۇپ،
قىنىڭنى ماڭا بۇيرۇپتۇ.

دەپتۇ. تازنىڭ بۇ گەپكە غەزىپى كېلىپ، سەككىز تىللىق تاسما قامچىسى بىلەن يىلقىچىنىڭ كاللىسىغا ئەپلەپ تۇرۇپ بىرنى قويۇپتىكەن، يىلقىچى جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ. ئاندىن كېيىن تاز دۇلدۇلىنى ئوتلىتىۋېلىپ، ئۆزىمۇ بىرئاز دەم ئې- لىۋېلىپ، يەنە مېڭىپتۇ. بىر جايغا كېلىپ قول قويچىغا ئۇچراپتۇ. قويچىغا قاراپ:

مېنىڭ ئاتام بار ئىدى،
مىڭ تۆگىسى نار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىڭ نار تۆگە ئىچىدە،
قارا بۇغرام يوقالدى.
ئۇ بۇغرامنى ئەگىشىپ،
سېرىق ھىنگان يوقالدى.
ئۇ ھىنگاننى ئەگىشىپ،
نار تايلىقىم يوقالدى.
كۆرگەن بولساڭ، قۇل قويچى،
ئېيتقىن، بىرەي سۆيۈنچە.

دەپتۇ. قۇل قويچى:

قارا بۇغرام دېگۈچە،
قېيناتام دېمەمسەن.
سېرىق ھىنگان دېگۈچە،
قېينانام دېمەمسەن.
نار تايلىقىم دېگۈچە،
مەشۇق ـ جانان دېمەمسەن؟

دەپتۇ. تاز دۇلدۇل ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قۇل قويچىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئىككىسى ئايرىلماس دوست بوپتۇ.

قۇل قويچى تازغا پادىشاھنىڭ نەگە بارغانلىقىنى، قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، بىر پادىشاھنىڭ بالىسىغا قىزىنى بەرمەكچى بولۇپ توي باشلىغىنىغا ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تاز قۇل قويچىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن، موزاي باقىدىغان پادىچى تازنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، پادىچى تازغا ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، دۇلدۇل ئېتىنى قويۇ-ۋېتىپ، موزايلارنى ھەيدەپ پادىچى قىياپەتتە پادىشاھ تۇرغان مەھەللىگە كىرىپتۇ، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئېغىلىغا موزايلارنى ھەيدەپ كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ يەرگە كەلگەندىن كې-

يىن، ئىنەكلەرنى ئۆزى ساغىدىكەن. موزايلار كەلگەندىن كېـ-
يىن، قىز ئىنەك ساغقىلى ئېغىلغا چىقىپتۇ. قىز ئىنەك
ساغقىلى تۇرغاندا، بۇرۇنقى پادىچى تاز قىزنىڭ قولىنى يالاپ
تۇرىدىكەن. بۇنى ئاڭلىۋالغان چېچەن تاز بىر موزاينىڭ تىلـ-
نى كېسىۋېلىپ، قىزغا كۆرسەتمەستىن موزاينىڭ تىلىنى
قىزنىڭ قولىغا سۇركەپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— هوي تاز، بۇگۇن تىلىڭ نېمانچە يىرىك؟ — دەپتۇ.
تاز:

يىرىك ئەمەس، ئاپئاق قىز،
دىلىڭىز يىرىك بولغاندۇ؟
قولىڭىزنى كۆپ يالاپ،
تىلىم يېرىلىپ قالغاندۇ؟

دەپتۇ. قىز چېچەن تازنىڭ بۇ قوشىقىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەي:

— جاۋىلداق تاز، يالاۋەرگىن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. چېچەن
تاز تىلى بىلەن قىزنىڭ قولىنى ئەپچىللىك بىلەن تۆت -
بەش قېتىم يالاپتۇ. بۇ چاغدا قىز خۇشال بولۇپ:

ئەمدى تىلىڭ يۇمشاققۇ،
يۇرىكىمگە خۇشياقتى.
شۇنداق بولسا ئوبدانغۇ،
زادى بۇنداق بولمايتتى؟

دەپتۇ. تاز:

يۇمشىغاندۇ دىلىڭىز،
مەندەك غېرىب بىر تازغا.
هېلىقى تەڭ جۇپ يۇلتۇز
كېپقالغاندۇ يادىڭىزغا.

دەپتۇ. قىزنىڭ قولى ئىنەكنىڭ ئەمچىكىگە بارماي توختاپ قاپ-تۇ. «ئۇھ ! ...» دەپ تازغا قارىسا، كۈندە موزاي تۇتۇپ بېرىدىغان تاز ئەمەس ئىكەن. ھەيران قېلىپ، تازنىڭ ئۈستىۋېشىغا قاراپ:

سۆز، چىرايىڭ ئوخشىماس
موزاي تۇتقۇچى تازغا.
كۆرەك جۇۋا، ياغاق بۆك،
ئاشۇ تازنىڭ ئوخشايدۇ،
نېمە بەردىڭ ئۇ تازغا؟

دەپ، تىكىلىپ قاراپ، چېچەن تازنى تونۇۋاپتۇ.

ئىككىسى مۆلدۈرلىشىپ تەڭلا خۇشال بولۇشۇپتۇ... خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئىنەكلەر سېغىلماي قاپتۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئانىسى، ۋاي، ئەجەب كېچىكىپ قالدىغۇ، قىزىم، نېمە بولغاندۇ؟ دەپ چىقسا، قىز تازغا يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭ-



لىشىۋاتقۇدەك. ئانىسى بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆيگە كېرىپ پادىشاھقا دەپتۇ. پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئاخىر بۇ چېچەن تازنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، زىياپەت قىپتۇ. پادىشاھ تازنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاۋاقتىكى ئاشقا زەھەر سېلىپ قويۇپتۇ. دادىسىنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ قالغان قىز باشقىلارغا سەزدۈرمەيلا تازنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى تازنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. تاز ئاشنى راسا يەپتۇ. پادىشاھ: «تاز ئەنە ئۆلىدۇ، مانا ئۆلىدۇ» دەپ كۈتۈپتۇ. بۇ چاغدا قىز يالغاندىن ئاش يېگەن بولۇپ:

— نېمانچە زەھەر ئاش بۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خوتۇنى: «ۋاي ئاللا، تاۋاقلار خاتا قويۇلۇپ قاپتۇ. تاز خاتىرجەم يەۋاتامدۇ !» دەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. قىز ئاچچىقى كېلىپ، ئۆزىنىڭ تاۋىقىدىكى ئاشتىن توخۇغا ئۇچ ـ تۆت تال بېرىپتىكەن، توخۇ شۇ زامات ئۆلۈپتۇ.

قىز ئەنە شۇنداق قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىرىنى پاش قىلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئەلنىڭ ئالدىدا رەسۋاسى چىقىپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ، بولۇۋاتقان توينى بۇزۇپ، قىزىنى چېچەن تازغا بېرىپتۇ. چوڭ توي ـ تاماشا بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى ئوغرى

بۇرۇنقى زاماندا ئىلىدا بىر ئوغرى، قەشقەردە بىر ئوغرى بار ئىكەن. بۇ ئوغرىلار بىر - بىرىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئىلىدىكى ئوغرى قەشقەردىكى ئوغرىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئىككى ئوغرى كۆرۈشۈپ هال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئىلىدىكى ئوغرى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق ھۈنىرىنى قەشقەردىكى ئوغرى بىلەن سىنىشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قەشقەردىكى ئوغرىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. قەشقەردىكى ئوغرى:

— بىزنىڭ پېشايۋاندا بىر ياۋا كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى بار، كەچتە مەن شۇ ياۋا كەپتەر بېسىپ ياتقان تۇخۇمنى ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. دېگەندەك شۇ كۈنى كەچتە ياۋا كەپتەر تۇخۇم بېسىپ ياتقاندا، قەشقەرلىك ئوغرى ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ تۇخۇمنى ئېلىپ چۈشكۈچە ئىلىلىق ئوغرى ئۇنىڭ تامبىلىنى سالدۇرۇۋاپتۇ. قەشقەرلىك ئوغرى:

— ھە، مېنىڭ ھۈنىرىم قانداق ئىكەن؟ — دېگەنىكەن، ئىلىلىق ئوغرى:

— ھۈنىرىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەن، — دەپ ئۇنىڭ تامبىلىنى قولىغا بەرگەنىكەن، قەشقەرلىك ئوغرى ئىلىلىق ئوغرىنىڭ ئەپچىللىكىگە قايىل بوپتۇ - دە، ئىككىسى قول بېرىشىپ، ئىلىلىق ئوغرى ئاكا، قەشقەرلىك ئوغرى ئۇكا



بوپتۇ ھەمدە ئىككىسى بىرلىكتە ئوغرىلىق قىلىشقا ۋەدىلىشىپ-
تۇ. قەشقەرلىك ئوغرىنىڭ ئانىسىنى ئىلىلىق ئوغرى ئانا تۇتۇپتۇ.

ئۇلار شۇنداق ئەھدىلىشىپ بىرەر ئايدىن كېيىن قەشقەر-
لىك ئوغرى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلاشنى تەكلىپ
قىپتۇ، ئىلىلىق ئوغرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ - دە:

— خەزىنىنى ئالساق ئالايلى، ئەمما مەن ئۇنى مۇشۇ
ئۆيدە تۇرۇپلا ئالالايمەن، — دەپتۇ.

— ئۆيدە تۇرۇپ قانداق ئالالايسەن؟ — دەپتۇ قەشقەرلىك
ئوغرى.

ئىلىلىق ئوغرى ئۇنىڭغا ئامالىنى دەپ بېرىپتۇ - دە،
شۇ كۈندىن باشلاپ لەخمە كولاپ خەزىنىنىڭ ئاستىدىن چى-
قىپ خەزىنىدىكى بارلىق دۇنيالارنى بىراقلا ئېلىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قوشنا شەھەر-
نىڭ پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇنىڭغا توي مېلى تاپشۇ-

رۇش ئۇچۇن خەزىنىنى ئاچقۇزغانىكەن، ئۇ يەردىكى ئالتۇن -
كۈمۈش تۇرماق، خەزىنىنىڭ ئاستىمۇ يوق تۇرغۇدەك جابا-
مەنلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم
قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئوغرىنى قانداق قىلىپ تۇتقىلى بولمايدى-
غانلىقى ھەققىدە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.
ۋەزىرلەردىن بىرى:
— ئوغرى ھازىر بىرلا خەزىنىنى ئاپتۇ. ئۇ يەنە باشقا
خەزىنىلەرگىمۇ تېگىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز باشقا خەزىنى-
لەرگە داش قازان ئورنىتىپ، يارىپلىمنى ئېرىتىپ قازاننى
تولدۇرۇپ قويساق، خەزىنىگە كىرگەن ئوغرى قازانغا چۈشۈپ
چاپلىشىپ قالىدۇ. بىز ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، پۈتۈن ئەۋلا-
دىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمىز، — دېگەنىكەن، بۇ مەسلىھەت پادى-
شاھقا ماقۇل كەپتۇ.
دېگەندەك، ئۇلار قازاننى ئورنىتىپ، يارىپلىمغا تولدۇرۇپ
قويۇپتۇ.
ئىككى ئوغرى ھېلىقى خەزىنىنى ئوغرىلاپ ئارىدىن خېلى
ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ باشقا خەزىنىلىرىنى-
مۇ ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئىلىلىق ئوغرى:
— ئالدىنقى قېتىم مېنىڭ پىلانىم بىلەن خەزىنىنى ئال-
دۇق، بۇ قېتىم سېنىڭ پىلانىڭ بويىچە ئالايلى، — دەپتۇ.
قەشقەرلىك ئوغرى ماقۇل بولۇپ، قايتىدىن لەخمە كولاپ
خەزىنىگە چۈشكەندە يېلىم بار قازانغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئى-
لىلىق ئوغرى قارىغۇدەك بولسا، ئۇ قازاننىڭ ئىچىدە تۇرغۇ-
دەك. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى قۇتقۇزالماپتۇ. قارىسا، تاڭ
ئېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ:
— ئەمدى سېنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىرلا ئامالى قالدى. سەن
تىرىك تۇتۇلۇپ قالساڭ، مەنمۇ، ئاناڭمۇ ۋە باشقا ئۇرۇق -



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

تۇغقانلىرىڭمۇ ھايات قالمايدۇ. شۇڭا، مەن سېنىڭ بېشىڭنى ئېلىپ كېتىشىم كېرەك، بولمىسا، سەن ئۆلگەن بىلەنمۇ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭ پادىشاھنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.

قەشقەرلىك ئوغرى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئانىسىغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ، كاللىسىنى ئېلىشقا رازى بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن جېسەكچىلەر خەزىنىگە كىرسە، بېشى يوق بىر ئادەم قازاندا ياتقۇدەك. بۇ خەۋەرنى دەررۇ پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ: «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەنىكەن، ۋەزىرلەردىن بىرى:

— بۇ قازاننى جەسەت بىلەنلا مەيدانغا ئاچىقىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزەيلى. بۇ جەسەتنىڭ بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنى ئۇنى تونۇپ چوقۇم يىغلايدۇ. شۇ چاغدا بىز بۇ ئوغرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بارلىق جەددى-جەمەتىنى تۇتىمىز، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ-دە، قازاننى جەسەت بىلەن چوڭ مەيدانغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

پۈتكۈل شەھەردە بىرمۇ ئادەم قالماي قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە جاكار چىقىرىلىپتۇ. بۇ جاكارنى ئاڭلىغان ئىلىلىق ئوغرى پادىشاھنىڭ قۇرغان قىلتىقىنى چۈشىنىپ، موماينىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئانا، پادىشاھ قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ھەممىمىز شۇ يەردىن ئۆتمەي ئامال يوق. سىلى قازاندىكى جەسەتنى كۆرۈپ باللىرىغا ئېچىنىپ يىغلاپ تاشلايدىلا، مانا شۇ چاغدا پادىشاھ ھەممىمىزنى تۇتىدۇ. شۇڭا، قازاننىڭ يېنىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۈچ تال قىزىلچىنى پىشۇرۇپ تاۋاقتا سېلىپ ئېلىپ بارسىلا، جەسەتنىڭ يېنىدىن

ئۆتكۈچە يىغلىماي، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يىغلاۋەرسىلە. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يېتىپتۇ، پادىشاھ شۇ چاغدا سىلىنى تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ، تۇتۇپ ئاپىرىپ: «نېمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سورىسا، سىلى: «مەن توقسان ياشقا كىردىم. مۇشۇ كەمگىچە پادىشاھنى كۆرمىگەنىدىم. بۈگۈن پادىشاھنى كۆرىدىغان بولدۇم دەپ، پادىشاھقا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ تال ئالتۇننى ئېلىپ كەلسەم، بۇ يەرگە كەلگەندە قىزىلچىغا ئايلىنىپ قالدى، مۇشۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن» دېسىلە، ــ دەپتۇ.

پەرمان چىقىرىلغانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش مومايغا كەپتۇ. موماي ئىلىلىق ئوغرىنىڭ دېگىنى بويىچە، جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يىغلاپتۇ، ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىغانىكەن، موماي:

ــ جانابلىرىغا سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلىرىم جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىزىلچىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتسا، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ــ دەپ ئوغرى ئۆگەتكەن سۆزلەرنى دەپ بولۇپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. مومايىنىڭ يىغىسىدىن تەسىرلەنگەن پادىشاھ: «مېنىڭ ساداقەتمەن پۇقرايىم ئىكەنسەن» دەپ ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن مومايىنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئىلىلىق ئوغرىمۇ بۇ قاپقاندىن سالامەت قۇتۇلۇپ ئۆيىگە كەلسە، موماي پادىشاھ بەرگەن مال ـ دۇنيانى ئۆيىگە دۆۋىلەپ قويۇپ ئولتۇرغۇدەك.

ئىلىلىق ئوغرى ئىنىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ ئۈچىنچى خەزىنىسىگە چۆشمەكچى بوپتۇ. «يا خەزىنىنى ئېلىپ چىقاي، يا ئىنىمگە ئوخشاش مەنمۇ ئۆلەي» دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە.

ئۇ لەخمە كولاپ، ئۆزى مۆلچەر قىلغان يەرگە كېلىپ خەزىنە ئىچىگە كىرىشكە بىر گەز ئارىلىق قالغاندا كولاشنى توختىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە:

— پادىشاھىئالەم، ئاگاھ بولغايلا، بۈگۈن جانابلىرىنىڭ ئۈچىنچى خەزىنىلىرىنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— خەزىنىگە ئوغرى چۈشىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن بىلىدىغىنىمنى دەپ قويدۇم، قالغان ئىش ئۆزلىرىنىڭ، — دەپتۇ ئوغرى. پادىشاھ:

— ئوغرى كىرمەي قالسا ياكى كىرسىمۇ خەزىنىنى ئالالماي قالسا، ئەتە سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. ئوغرى:

— ئېيتقانلىرىدەك بولسا، كاللامنى ئېلىشقا مەن رازى، ئەگەر ئېلىپ چىقىپ كەتسە، قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، پادىشاھ:

— راستىنلا سېنىڭ دېگىنىڭدەك خەزىنىنى ئېلىپ كەتسە، ئەتە پادىشاھلىقىمنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئىككىسى شۇنداق ۋەدىلىشىپ توختامنامە يېزىپتۇ. ئوغرى ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ خەزىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەزىنىنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا قاراۋۇللارنى كۆپەيتىپتۇ.

ئوغرى ئۆيگە بېرىپ خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ. ئۇ تەڭ كېچىدىن كېيىن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ خەزىنىگە بېرىپ لەخمە يولىنىڭ قېپقالغان قىسمىنى ئاستا تېشىپ خەزىنىگە كىرسە، خەزىنە ئىچىدىكى قاراۋۇللار خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئوغرى ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يۆتكەپ بوپتۇ. ئەتىگەنلىكى قارا-

ۋۇللار ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، خەزىنە ئىچى قۇرۇپ-قۇرۇق تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇقۇپ خەزىنىگە يېتىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ ـ دە، كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ، پادىشاھ توختام بويىچە پادىشاھلىقنى ئوغرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئوغرى بۇرۇنقى پادىشاھنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە:

ــ سىز پادىشاھلىق قىلىۋاتقان چاغدا، خەزىنىگە چۈشكەن ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، بۇرۇنقى پادىشاھ:

ــ قىيما قىلىپ توغرىۋەتكەن بولاتتىم، ــ دەپتۇ.

ــ مانا قاراڭ، ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ شۇ ئوغرى دەل مانا مەن بولىمەن. بىرىنچى قېتىم خەزىنىڭىزنى مەن ئېلىپ كەتتىم. ئىككىنچى قېتىم ئىنىمنى ئىشقا سالسام، ئۇ يېلىم بار قازانغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئېلىپ كەتتىم. جەسەتنى مەيدانغا ئېلىپ چىققاندىمۇ، قىزىلچىلا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قۇتۇلدۇق. ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم خەزىنىگە كىرىشتىن بۇرۇن سىز بىلەن ئەھدىلىشىپ خەزىنىنىمۇ ئالدىم، پادىشاھلىقىنىمۇ ئالدىم. سىز ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياخشى پادىشاھ ئىكەنسىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئادىللىق بىلەن شەھەر سوراڭ، يەنىلا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ. مەن پادىشاھلىقنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئانامنى ئېلىپ يۇرتۇمغا كېتىمەن، ــ دەپ پادىشاھلىقنى شۇ كۈنلا بۇرۇنقى پادىشاھقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سەپەر جابدۇقى پۈتكەندىن كېيىن قەشقەرلىك ئوغرىنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ ئېلىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

# ئەقىللىق قىز

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە ئادىل پادىشاھ دەيدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قىرىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ قىرىق بىرىنچى ۋەزىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، بارلىق مەسلىھەت ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى شۇ ۋەزىرىنىڭ كېڭىشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىلىدىكەن. بۇ ۋەزىرىنىڭ ئېتى قاسىم ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ:

— قاسىم، مەن سەندىن ئۈچ نەرسىنى سورايمەن. ئەگەر توغرا جاۋاب بەرسەڭ، ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ، دارغا ئاسىمەن، — دەپتۇ.

— خوپ، شاھىم، — دەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ ۋەزىر.

— دۇنيادا نېمە قاتتىق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— پولات قاتتىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

— بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟

جاۋابىم توغرا كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ۋەزىر:

— پولاتتىن ياسالغان ئەسۋابقا ھېچقانداق نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— خوپ، يۈگۈرۈكلۈكتە نېمە يۈگۈرۈك؟

— نەسىللىك، ياخشى ئاسراپ بېقىلغان ئارغىماق.

— تاتلىقلىقتا نېمە تاتلىق؟

— ھەسەل بىلەن ناۋات تاتلىق.

سوئالنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىگەن شاھ:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللات قان يۇقى بولۇپ تۇرغان قىلىچىنى يالىڭاچلاپ:

— كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن، شاھىم؟ — دەپ يېتىپ كەپتۇ.

— قاسىم ۋەزىرنىڭ، — دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ تۇزۇمنى يەپ، ئۈچ ئېغىز سوئالىمغا تۇزۇككىنە جاۋاب بېرەلمىگەن ھارام تاماقنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار !

تۇيۇقسىز ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىر يىغلاپ تۇرۇپ:

— شاھىم، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىڭىز، سوئالىڭىزغا جاۋاب تاپسام، — دەپ يېلىنىپتۇ. باشقا ۋەزىرلەرمۇ بۇ قىسمەتنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قاسىم ۋەزىرنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. شاھ:

— خەير، ئۈچ كۈنگىچە تاپالمىساڭ، بېشىڭ ئۆلۈمگە، مال - مۈلكۈڭ خەزىنىگە، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. ئۆلۈپ - تىرىلگەن ۋەزىر شاھنىڭ ئالدىدىن چىققان پېتىچە ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ، كىشىگە كۆرۈنمەي ئىككى كۈننى غەم - ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ۋەزىر ئاياـ لىنى ھەم قىزىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈن ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رازىلىق سوراپتۇ. دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قىز:

— پادىشاھنىڭ سوئالىنى مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقسام، — دەپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپكە ئاچچىقلىنىپ قىزىغا كايىماقچى بوپـ تۇ، بىراق بار - يوقى بىر قىز بولغاچقا، تەرسالىقىدىن يېـ نىپ، پادىشاھنىڭ سوئالىنى قىزىغا بىرمۇبىر دەپ بېرىپتۇ.

قىز پىسىڭگىدە بىر كۈلۈپ قويۇپ:

— ھېلىمۇ پادىشاھنىڭ ئىنساپى بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، قىزىم؟ — دەپتۇ ھەيران بولۇپ ۋەزىر.

— ھەقىقەتەنمۇ پادىشاھنىڭ كۆزلىگىنىدەك جاۋاب بېرەلمەپسىز. ھېلىمۇ بولسا، بېرىپ: «بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى قىزىم بەرسە بولامدۇ؟» دەپ پادىشاھتىن سوراڭ، — دەپتۇ قىز.

ۋەزىر قىزنىڭ سۆزىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ:

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋەزىر ئۆيىگە كېلىپ پادىشاھنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزىنى ئوردىغا باشلاپ بارماق بوپتۇ. قىز:

— مېنىڭ ھاجىتىم پادىشاھقا چۈشكىنى يوق، پادىشاھنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ دېگىنىمنى ئورۇندىسا، ئوردىغا بارىمەن. بولمىسا، پادىشاھ ئۆزى كېلىپ جاۋاب ئالسۇن، — دەپتۇ.

ئىلاجسىز قالغان ۋەزىر قىزىنىڭ سۆزىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ:

— قىزىڭنىڭ ھەرقانداق شەرتى بولسا ئورۇندايمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز:

— مېنىڭ شەرتىم: پادىشاھ بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن ئوردىغىچە پايانداز سالسۇن ھەم ئون كىشىلىك قىزلارنىڭ كىيىمىنى ئەۋەتسۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزنىڭ دېگىنىنى تەل قىپتۇ. ئاندىن قىز ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئوخشاش كىيىنىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. شاھ قىزلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندا، ۋەزىرنىڭ قىزى ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— سوئالىڭىزنى سوراڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ سوئالنى تەكرارلاپتۇ. قىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى



— دۇنيادا ھەممىدىن يوقسۇزلۇق قاتتىق؛ ھەممىدىن كۆڭۈل يۈگۈرۈك؛ ھەممىدىن بىر - بىرىگە سادىق ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببىتى تاتلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھ:

— سىز بىر دۆلەتمەن ۋەزىرنىڭ قىزى، ھەممە نەرسەڭىز تولۇق، يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز، شاھىم، بىزنىڭ ئۆيدە ھەممە نەرسە ھاجەتتىن ئاشقۇدەك تولۇق، لېكىن قازىنىمىز بىر ئىددى. بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قېلىپ، قازان سوراپ كىرىپتىكەن، بەردۇق. ئۇلار خۇش بولۇشۇپ، ئاشقا تۇتۇش قىلغاندا بىزنىڭمۇ ئۆيىمىزگە مېھمان كەلدى. غىزا قىلايلى دېسەك قازان يوق، قىلمايلى دېسەك ئىززەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئاخىر قازاننى قايتۇرۇپ چىقتۇق، بىچارىلەر چۇرقىرىشىپ قالدى. يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى شۇنىڭدىن بىلدىم.

— كۆڭۈلنىڭ يۇگۇرۇكلۇكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— ھەرقانداق ئادەم ئۆزى بىر قەدەم ماڭغۇچە، كۆڭلى دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن بىلدىم.

— سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون ئالتە ياشقا.

— ياتلىق بولدىڭىزمۇ؟

— ياق، بۇگۇنگىچە نامەھرەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىر ـ بىرىگە سادىق ئەر ـ ئايالنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— بۇنى مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ مۇھەببىتىدىن بىلدىم. مەن كىچىك ئىدىم. بىر كۇنى ئانام بىلەن دادام ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. دادام ئانامنى ئۇرۇپ، بىر قولىنى كۆكەرتىپ قىمىرلىتالماس قىلىپ قويدى. شۇ كۇنى مەن ئانامنىڭ ئىچىدە ياتتىم. تۈن يېرىمىدا ئويغانسام، ئانام يوق. ئىزدەپ چىقسام، دادام بىلەن پېشايۋاندا ئۇخلاپ قاپتۇ، ھېلىقى دادام كۆكەرتىپ قويغان قولى ياستۇقنىڭ ئورنىنى ئاپتۇ. بۇنى شۇنىڭدىن بىلدىم.

قىزنىڭ جاۋابىغا پادىشاھ چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ ـ دە، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا قىزنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ ۋە ئەقىللىق قىزنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەلگە تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# سەۋەبنى تېپىپتۇ

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر مەھەللىدە ئەمەت بىلەن سەمەت دېگەن ئاكا ـ ئۇكا ياشاپتىكەن. قارىماققا سەمەت ئاكىسى ئەمەتتىن قېرى كۆرۈنىدىكەن. بۇ ئىككىسى بىللە ماڭغان چاغلاردا ئۇلارنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ساقىلىغا ئاق كىرىپ كەتكەن سەمەتنى چوڭ دەپ قالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغان بىرقانچە كىشى ئارىسىدا: «نېمىشقا سەمەت ئاكىسىدىن قېرى كۆرۈنىدۇ؟» دېگەن تالاش ـ تارتىش بولۇپ قاپتۇ. بىرى ئۇنى دەپتۇ، بىرى بۇنى دەپتۇ، لېكىن ھېچكىم سەۋەبنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلاردىن بەش ـ ئالتە كىشى ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىلىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىشىپتۇ. ئاۋۋال سەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلارنى كۆزۈپ سەمەتنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە ساپتۇ. لېكىن، سەمەتنىڭ خوتۇنى چىرايىنىمۇ ئاچماي، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. سەمەت خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ياخشى مېھمانلار كەلدى، بىرەرنېمە قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— ئۆيدە گۆش يوق، — دەپتۇ خوتۇنى قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دومسىيىپ.

— گۆشسىز بولسىمۇ بىرنېمە قىلساڭچۇ، — دەپتۇ مېھمانلار ئالدىدا خىجالەت بولغان سەمەت.

— ئۇنىمۇ يوق، — دەپتۇ خوتۇنى جاھىللىق بىلەن.

— ھېچبولمىغاندا نان - پان، چاي - پېيىڭ باردۇ؟ — دەپتۇ سەمەت.

— نانمۇ يوق، سۇمۇ يوق، — دەپتۇ خوتۇنى توڭلۇق بىلەن.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى خېلى ياخشى بولۇپ، خوتۇنى يوق دېگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن.

— ياق، ياق، بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئۆزىمىز مۇنداقلا كىرىپ چىقايلى دېۋىدۇق، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، — دېيىشىپ، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ئەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلار ھويلىغا كىرىشىگىلا، ئەمەت بىلەن خوتۇنى چىقىپ ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرگۈچە ئەمەتنىڭ خوتۇنى ئاۋۋال ئۆيىگە كىرىپ، بىر ئەسكى كۆرپىسى بار ئىكەن، شۇنى قېقىشتۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئاستىغا سايتۇ. ئەمەت مېھمانلار بى-



لەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:
— خوتۇن، مېھمانلارغا قويغۇدەك بىرەرنىمەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ۋاي، بار، بار، مېھمانلار ئۇسساپ قالغاندۇ، ئاۋۇ تا-ۋۇز تىلايلى، — دەپتۇ خوتۇنى.
— قېنى ئەمىسە، ياخشىراقىدىن بىرنى ئىلغاپ چىقىنا، — دەپتۇ ئېرى. خوتۇنى «ماقۇل» دەپ خۇشال چىقىپ كېتىپ بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.
— ياخشىراقى يوقمۇ؟ — دەپتۇ مايماق تاۋۇزنى كۆرۈپ ئەمەت.
ئەسلىدە ئەمەتنىڭ تۇرمۇشى سەمەتنىڭكىگە قارىغاندا نا-چار ئىكەن. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاشۇ مايماق تاۋۇزدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن، لېكىن ئەمەتنىڭ ئايالى:
— ماقۇل، مەن قاراپ باقاي، — دەپ چاندۇرماستىن چىقىپ كېتىپ، يەنە ھېلىقى تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇ-شۇقى تەرىپىنى كۆرسىتىپتۇ.
— بۇ تاۋۇزۇڭ ياخشى چىقارمىكىن، قېنى، ئەكەلگىنە تىلىپ باقايلى، — دەپ تىلىپتىكەن، تاۋۇز ھەم قىزىل، ھەم تەملىك چىقىپتۇ.
مېھمانلار تاۋۇزغا ئېغىز تېگىشىپ، قىزىق پاراڭلارنى سېلىشىپ، بۇ مېھماندوست ساھىبخانىلاردىن رازى بولۇشۇپ قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئارىدىن بىر بوۋاي:
— بىزنىڭ تالاش ـ تارتىشىمىزنىڭ تۈگۈنى ئەمدى يېشىلدى. سەمەتنى قىرىتتۇەتكەن ھېلىقى بارنى يوق دەپ، دومسىيىپ ئولتۇرغان خوتۇنى، ئەمەتنى ياشارتتۇەتكەن ھېلىقى يوقنى بىلىندۈرمەي، گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خوتۇنى. دېمەك، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن كونىلار، — دەپتۇ.

# ئامەت ۋە ئاپەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈن-دۈزى دۆلىتىنى ئادىل سورىسا، كېچىلىرى شەھىرىنى ئا-رىلاپ، ئەھۋال ئىگىلەيدىكەن.

بىر كېچىسى ئادىل پادىشاھ بېشىغا كۇلاھ، ئۇچىسىغا جەندە، پۇتىغا يىرتىق چورۇق كىيىپ، شەھەر رەستىسىگە كەپتۇ. بىر تار قاراڭغۇ كوچىغا كىرسە، بىر كونا ئۆينىڭ روجىكىدىن چىراغ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ. يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇشقان كىمدۇ دەپ، ئاستا تام تۈۋىگە كېلىپ قۇلىقىنى روجەككە تۇتۇپتۇ. ئۆيدىن ئۈچ ئادەمنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ روجەككە چاپلانغان قەغەز-نى تىلى بىلەن يالاپ تېشىپتۇ. قارىسا، ئۈچ ئادەم چىلىم تار-تىپ نەشە چېكىپ ئولتۇرغان. ئۇلار سەيخاننى يەڭگۈشلەپ، «خوش كەتتى» قىلىشىپ، ئىككى - ئۈچ قېتىمدىن چېكى-شىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى گەپ ئېچىپتۇ:

— ئەي، دۆلەت! بولسا دۆلىتىم، تاجۇ تەختىم، ئېچىلات-تى مېنىڭ بەختىم، مەگەر بولسا، پادىشاھ راستىتىن ئادىل، بېرىپ باقسۇنچۇ ماڭا پادىشاھلىقىنى ئۈچ كۈن!

بۇنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، يالغۇزلۇق! كىردى يېشىم بىر كەم قىرىققا،

زادى ئېرىشەلمىدىم زەررە تېرىققا، ئۆتتى ئۆمرۈم بالغۇزلۇقتا،
پادىشاھ ياردەم بەرسىدى بىر جۈپتىكارلىققا.
ئۈچىنچى بەگگى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ شۇنداق دېدى:
ــ ئاھ خۇدا! ئادىل پادىشاھنىڭ نامى جاھاندا پۇر، ئا-
دىللىقى ھەممىگە مەشھۇر، ھاياتىمدا قىلدىم كۆپ گۇناھ،
شۇڭا ئاللادىن تىلەيمەن پاناھ. مەگەر پادىشاھتا بولسا ۋاپا،
قىلسا ئىدى دەردىمگە دەۋا، مەككىگە بارسام، قىلسام تاۋاپ،
ئۇ دۇنيا يولىدا تاپسام ساۋاب!

ئادىل پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ قايتىپتۇ. رەستىگە شۇنداق چىقىشىغا تۆت جىسەكچى: «ئوغرىنى تۇت، باغلا» دەپ، پادىشاھنى ئالدىغا سىلىپ مېڭىپتۇ ۋە زىندانغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى جىسەكچىلەرنىڭ مەلۇماتى بويىچە زىندانغا كىرگەن زىندانبېگى قارىسا، ئادىل پادىشاھ ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلاپ، ئۆيدىن شاھانە تون-لىرىنى ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. زىندانبېگى دەرھال ئەكىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوردىسىغا كىرىپتۇ. زىندانبېگىگە ئۈچ بەگگىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. زىندانبېگى ئالتە جىسەكچىنى باشلاپ، بەگگىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئۆيدىكى بەتبۇيدىن كەينىگە داجىپتۇ، ئىشىكنى ئۇ-لۇغ ئېچىۋېتىپتۇ. شۇنداق قارىسا، بىرى كاڭدا، بىرى پە-گاھدا، يەنە بىرى كۇلۇڭدا، بىر قولى چىلىمدا، بېشى قاپاق، كۆزلىرى چاپاق ھالدا ئوڭدىسىغا يېتىشقان ئۈچ ئادەمنى كۆ-رۈپتۇ. جىسەكچىلەر ئۇلارنى تارتىشتۇرۇپ، دۈشكەلەپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. كۆتىگە تەگ-كەن پۇتىنىڭ پالاق ـ پۇلۇقى، باشلىرىغا قويۇلغان سۇنىڭ شالاق ـ شۇلۇقى بىلەن ھوشىغا كەلگەن بەگگىلەر ئۆزلىرى-نىڭ پادىشاھ ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ-

تۇ، ئىغىزلىرى ئۇمچىيىپتۇ.

— خوش، پاسىق بەندىلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇيقۇڭلار-نى ئېچىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ نامۇ ھالىڭلارنى بايان قىلىڭلار!

بىر ئاز ھوش - كاللىسىنى يىغقان بىر بەگگى شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھئالەم، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز.

— راست گەپ قىلىڭلار، قېنىڭلاردىن كېچىش كېيىنكى ئىش، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ ئىسمىم ساقى، بۇنىڭ ئىسمى باقى، ماۋۇنىڭ ئىسمى ھەمەۋاقى، بىز مۇشۇ شەھەر پۇقراسى، بىزنىڭ ئىسىق جېنىمىزدىن باشقا نەرسىمىز يوق. ئاخشام بۇ ئىككى بۇرادىرىم ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن. ھە... بىر ئازدىن... ھە... ئىچ پۇشۇقى چىقاردۇق.



ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمەيمىز.

— ئۆيۈڭدە نې-مە دېيىشتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادى-شاھ، — نىيىتىڭلار دۇرۇس بولسا، ئار-زۇ - ئارمىنىڭلارغا يېتىشكە ئىجازەت بېرىمەن.

بۇ سۆزدىن روھلانغان، ئۆزىنىڭ دىيانەت يولىغا ماڭ-

ماقچى بولغىنىنى ئاڭلىسا، پادىشاھنىڭ خوش بولۇشىغا كۆزى يەتكەن باقى دەپتۇ:

— توغرا يولغا ماڭماي، ئەگرى يولغا كىرىپ بەرىكەتسىز چەكلىگەن ئىشنى قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. مەن ئىككى كەم ئەللىك ياشقا كىردىم. ياشلىقىمدا نۇرغۇن ھاۋايى — ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكىم قالمىدى. بۇنى ئويلىسام ھەم ئۇيىلىمەن، ھەم قورقىمەن. شۇڭا، ھەرەمگە بېرىپ، گۇناھلىرىمدىن ساقىت بولۇپ كەلسەم، دېگەن ئارمىنىم بار. بىراق، ئارمىنىم بولۇپ، دەرمانىم بولمىغاچقا، ئارمىنىمغا يېتەلمەي يۈرگەن. كېچە ئۇلپەتلىشىپ ئولتۇرۇپ كەيپىم ئاشقاندا، مانا شۇ ئارمىنىمنى دەپ، مەگەر پادىشاھتا بولسا ۋاپا، قىلسا ئىدى دەردىمگە داۋا، مەككىگە بېرىپ قىلسام تاۋاپ، ئۇ دۇنيا يولىدا تاپسام ساۋاب، دەپ سايراپتىمەن.

— ناھايىتى ئوبدان گەپ بولدى، ئورۇنداشقا بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

بۇنىڭدىن روھلانغان ھەمەۋاقى ئىلتىجا قىپتۇ:

— مەن بىر كەم قىرىققا كىردىم. ئۆزۈمنى غېرىب ۋە مۇساپىر ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭا، كېچە ئاغىنىمىز ساقىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئادىل پادىشاھ دەپ بىلىپ، خۇدا دىلىغا سالسا، پادىشاھ بەرسە ماڭا روزغار ھەم جۈپتىكار، دېگەنىدىم.

بىر چەتتە تەرگە چۆمۈلۈپ ئولتۇرغان ساقى پادىشاھقا يەر ئاستىدىن قاراپ — قاراپ قويۇپتۇ.

— ناھايىتى ئوبدان گەپ بولدى، ئورۇنداشقا بولىدۇ. ھە ساقى، سەنچۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ھە، مە… مەن، ھە، ھېچنېمە دېمىگەنتىم. پادىشاھى ئالەم، ئۆلۈمدىن خەۋىرىم باركى، باشقىسىدىن خەۋىرىم يوق.



www.uyghurkitap.com

— ئادەم نىيەت قىلغانىكەن، شىجائەت بولۇشى كېرەك. شىجائىتىڭ بولسىلا، بەلكىم بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس، — دەپ پادىشاھ ساقىغا سىناش نەزەرىدە قاراپتۇ.

بۇ گەپتىن ساقى بۇرنىغا يىراقتىن مەززىلىك تائامنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك، ئارمىنى ھەل بولىدىغاندەك بوپتۇ ـ دە، جۈرئەتلىنىپ گەپ باشلاپتۇ:

— ھى ـ ھى ـ ھى... شۇنداق، پادىشاھىئالەم، بىرنەچچە كۈن دەۋر سۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى. ئۆزۈم باش كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر ئىش قىلالمىدىم. ئەمدى سىلىنىڭ سايىلىرىدە بولسىمۇ، سىلى كەينىمدىن يۆلەپ بەرسىلە، بىرنەچچە كۈن جاھان سوراپ باقسام دېگەنتىم.

— ئوبدان، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئەمر قىپتۇ، — دىۋانبېگى، باقى خەزىنە ھېسابىغا مەككىگە يولغا سېلىنسۇن، ھەمەۋاقىغا تاللاپ جۈپتىكار پاتىھە قىلىنسۇن، ساقى ئوردىدا قالدۇرۇلۇپ، سەيلىگاھقا بارگاھلار تىكىلسۇن.

دىۋانبېگى خەزىنىچىدىن بىر مىڭ بىر يۈز تىللا ئالدۇرۇپ ساقىغا بېرىپ، ئۇن لەشكەر قوشۇپ: «شور دەريادىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېلىڭلار» دەپتۇ، يۈز تىللانى ھەمەۋاقىغا بېرىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەمەۋاقى تاللىغان قىزنى ئېلىپ بېرىڭلار، دەپ يولغا سېپتۇ. ئاندىن بىر قىسىم ئوردا خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، — ھازىر سەيلىگاھقا چېدىر تىكىپ، بارگاھ قۇرۇڭلار، تائام تەييارلاڭلار، ئەتە بولغۇسى شاھقا تاج كىيدۇرۇلىدۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى تۆغ ـ ئەلەملەر قادالغان، چېدىرلار تىكىلگەن بارگاھتا لەشكەرلەر سەپ تۈزۈپ تۇرغان ھالەت بارلىققا كەپتۇ. پادىشاھ كېلىپ شۇنداق تەكلىپ قىپتۇ:

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام. ھەممەيلەن چېدىرغا كىرەيلى.

ئالدى بىلەن ئۆزى شاھانە چېدىرغا كىرىپتۇ. ساقى چې-دىرنىڭ تۆرىگە بەش قات كۆرپە سېلىنغانلىقى، كۆرپىدىن بەش گەز كەلگۈدەك ئېگىزلىكتە بەش پاتمان كەلگۈدەك بىر قورال تاشنىڭ ئىنچىكە بىر ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئېسىپ قويۇل-غانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.

بۇ ھالنى كۆزىتىپ تۇرغان پادىشاھ:

— خوش، ساقى ئاخۇن، يۇقىرى ئۆتسىلە، بۇگۈنكى ئو-رۇنلىرى كۆرپىدە، قېنى ئولتۇرسىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىر ياندىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇردا ئەمەلدارلىرى ئىككى ياندىن ئورۇن ئاپتۇ. ساقى ئىككىلىنىش ۋە قورقۇش ئىلكىدە ئۆمىلەپ بېرىپ تاش ئاستىدىكى كۆرپىگە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. قولغا سۇ ئېلىنىپ، داستىخان سېلىنىپ، قوي-نىڭ گۆشى، تۆشى، كىشمىش، گۇلە بېسىلغان چوڭ بىر تاۋاق ئاش ساقىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپتۇ. باشقىلار پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن پولۇ يېيىشكە كىرىشىپتۇ. ساقى بىر كۆزى ئاشتا، بىر كۆزى تاشتا، تەرلەپ ـ تەپچىرەپ، چىرايىدىن قې-نى قېچىپ، تىرىك تۇرۇپ جېنى چىقىپ، يىلاندەك تولغى-نىپ، ئىشتىنى بۇلغىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇردا ئە-مەلدارلىرى ئاشنى يەپ بوپتۇ.

— ھە، ساقى ئاخۇن، تاماقنى يېمەپتۇقۇ؟ ئىشقا ھەسەت قىلغان بىلەن ئاشقا ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاش كەلسە يېيىش كېرەك، ئىش كەلسە قىلىش كېرەك. قېنى بەھۇزۇر ئالسىلا، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەھىمە ئىچىدە ھالى قالمىغان ساقى شۇنداق جاۋاب قىپتۇ:

— ئى پادىشاھىئالەم، نەپسىم ئاشقا ئۇرۇپ تۇرىدۇ، گې-لىمنى بىرنېمە بوغۇپ تۇرىدۇ. قانداق قىلاي؟

پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، شۇنداق دەپتۇ:

— نەپسى چېكىدىن ئاشسا، تەمەخور ھەم بالاخور بولىدۇ. سەن پادىشاھ بولماقچى ئەمەسمىدىڭ ! دۆلەت — بەخت، بېرىشىڭنىڭ ئۈستىدىكى تاش — ئاپەت، ئالدىڭدىكى ئاش — ئامەت. ئاپەتنى يېڭىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئەقىل - پاراسەت؛ ئىككىنچىدىن، قورقماس يۈرەك، جاسارەت؛ ئۈچىنچىدىن، پۇرسەت كېرەك. بۇ ئۈچىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئاپەتنى يېڭىپ، ئامەتنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن ۋە ساقلاپ تۇرالايسەن. سەندە پاراسەت يوق تۇرۇقلۇق، يەنە ئويلىماي سۆزلىدىڭ، ئەمدى ئاغرىماي ئۆلىسەن. سەندە نە جاسارەت يوق، قورقۇپ ئالدىڭدىكى تەييار تاماقنى يېيەلمىدىڭ، ئاچتىن ئۆلىسەن. سەن ئۆلسەڭ كىم ھۆكۈمران بولماقچى، روھىڭمۇ؟ جىسمىڭ بۇنچىلىك بولسا، روھىڭ قانچىلىك بولار؟ ھەي ئەخمەق. دۇنيادا ئەخمەقلەر قانچە كۆپ بولسا، پىتنە - پاسات شۇنچە كۆپ بولىدۇ. دۇنيادا بىر ئەخمەق يوقالسا، بىر ئۇلۇش پىتنە - پاسات كېمىيىدۇ. سەندەك ئەخمەقلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش. جاللات ! بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەن ئەخمەقنى شاش بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئارقىدىن ئايغىرنى قويۇپ بېرىڭلار. قىلىچنى قانغا بوياشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ جىسمى توپىغا مىلىنىپ ئۆز ئەكسىنى تاپسۇن. دۇنياغا يارىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغانلارغا شۇ قىسمەت جايىزدۇر !

جاللاتلار پەرماننى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر ئارىسىدا «ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە»، «ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش ناداننىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى» دېگەن ماقال قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# ئىبرەت

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئوغۇل قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن دادىسىنى بېقىش ئېغىر كەلگەچكە دەرياغا تاشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى دادىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرغاندا، دادىسى:

— بالام، مېنى تاشلىماقچى بولساڭ، ئەنە ئاۋۇ... چوڭقۇر قاينامغا تاشلىغىن، — دەپتۇ، — مەنمۇ بوۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنىدىم.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ: «مەن دادامنى خارلاپ دەرياغا تاشلىۋەتسەم، كەلگۈسىدە مېنىمۇ بالىلىرىم دەرياغا تاشلىۋەتسە، قانداق بولغىنى؟»

شۇنىڭ بىلەن ئوغلى دادىسىنى ھاپاش قىلىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ ئوبدان بېقىپتۇ.



[General Information]
书名=维吾尔民间故事 18　维吾尔文
SS号=40250810